# شەرقى تۈركىستاندا

## خارلىنىۋاتقان ئىنسان

# Report on Human-Rights
## From East Turkistan

شەرقى تۈركىستان مىللى تەتقىقات مەركىزى
ۋاشىنگتون ، ئامرىكا 1996 - يىل

# خوتەن شەھرىدە يۈز بەرگەن 7 - ئىيۇل ۋەقەسى

«خوتەن گېزىتى» نىڭ خەۋىرىدە ، 1995 - يىل 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى بىر ئۈچۈم بۇزۇق ئادەملەر جۈمە نامىزى ئوقۇغىلى كەلگەن ئېتىقادچى ئاممىنى قۇترىتىپ ، ۋىلايەتلىك مەمۇرىي ، ساقچى ئورگانلارغا ھۇجۇم قىلىپ ، ئەكسىيەتچى شۇئار توۋلاپ ، خىزمەت بىناسىنىڭ ئەسلىھەلىرىنى چېقىپ ، ئېغىر دەرىجىدىكى قانۇنغا خىلاپ ۋەقە پەيدا قىلدى، دېيىلگەن. گېزىتتە يەنە 256 پارچە ئەينەك ، 22 ۋېلىسىپىت ، 1 ساقچى ئاپتوموبىلىنى چېقىۋەتتى ، قورالىق ئەسكەردىن 66 كىشىنى ئۇرۇپ زەخىملەندۈردى ؛ ياش ناقۇزۇش بومبىسى قويۇپ بەرگەندىن كېيىن ، بىر ئۈچۈم ئۇنسۇرلار نەخ مەيداندا قولغا چۈشتى ، دېيىلگەن. ئەمما گېزىتتىكى بۇ خەۋەردە ياكى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن چىقىرىلغان ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش، تا بۇ ۋەقەنىڭ ئەپسىلاتىنى، يەنى راستىنى بايان قىلىشتىن ، مەسىلەن: بۇزۇق ئادەملەر كىملەر؟ توۋلانغان ئەكسىيەتچى شۇئارلار نىمە؟ تۇتقىن قىلىنغان بىر ئۈچۈم ئۇنسۇرلارنىڭ سانى قانچە؟ ئۇلار قايسى قانۇننىڭ قايسى ماددىسىغا قانداق خىلاپلىق قىلغان؟ ئارمىيە نىمە ئىش قىلدى؟ ... دېگەندەك ماھىيەتلىك مەسىلىلەرنى بايان قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرغان.





ۋەقە يۈز بەرگەن مەيداننى كۆرگەن ۋە ۋەقەدىن كېيىن ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ ئەتقىق قىلغان كىشىلەرنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا ، «7 - ئىيۇل خوتەن ۋەقەسى» نىڭ ھەقىقى بايانى تۆۋەندىكىچە:

خوتەن شەھىرىنىڭ ئاۋاغ مەھەللىسىدىكى ئاھالىلار بىرلىشىپ پۇل توپلاپ ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ بىر مەسچىت سالدۇرۇپ، ئۇنى «بەيتۇللا مەسچىت» دەپ ئاتايدۇ. مەسچىتكە يېڭىدىن ئوقۇپ يېتىشكەن ياشلارنى خەتىپ قىلىدۇ. ئۇلار يېڭى ئۇسۇل بىلەن ئىش قىلىپ، ھەتتا خۇتبىنىمۇ ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ ئوقۇپ، دىنىنىمۇ، ھازىرقى زامان پەن - تەخنىكىلىرىنىمۇ تەڭ سۆزلەيتتى. بۇ يېڭىلىق ياشلار ئىچىدە زور تەسىر قوزغىدى. مەسچىتكە كېلىدىغانلار كۈنسايىن كۆپىيىشكە باشلىدى. بۇنداق ئەھۋالدا ھۆكۈمەت قارار چىقىرىپ مەسچىتنىڭ خەتىپىنى ئالماشتۇردى. بىر نەچچە قېتىم خەتىپ ئالماشتۇرغان بولسىمۇ، بۇنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمىدى، مەسچىتكە نامازغا كېلىدىغانلار، بولۇپمۇ نامازغا كېلىدىغان ئاياللار بارغانسېرى كۆپەيدى. جۈمە كۈنلىرى، بۇ مەسچىتكە خوتەن شەھىرىدىنلا ئەمەس، بەلكى باشقا ناھىيەلەردىنمۇ ئادەم كېلىدىغان بولدى. مەسچىتكە سىغمىغان ئادەملەر كوچىلاردا سەپ بولۇپ ئولتۇرىشىدىغان بولدى. ھۆكۈمەت دائىرىلىرى «بەيتۇللا مەسچىت مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ھەيئىتى» ناملىق 8 كىشىلىك ھەيئەت قۇرۇلغانلىقىنى جاكالىدى. بۇ ھەيئەت خوتەن شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى باشقا ناھىيەلەر ۋە يېزىلارغا بېرىپ، ھېچبىر يوشۇرماستىنلا «بەيتۇللا مەسچىتكە بارغۇچىلارغا چارە كۆرىلىدۇ» دەپ تەشۋىق قىلدى. ئەمما ھۆكۈمەت مۇشۇنداق دېگەنسېرى بۇ مەسچىتكە كېلىدىغانلار ھەسسىلەپ كۆپەيدى. «8 كىشىلىك ھەيئەت»، خوتەننىڭ ئورپ - ئادىتىدە ئاياللارنىڭ مەسچىتكە كىرمەيدىغانلىقىنى بانا قىلىپ، مەسچىتنىڭ ئاياللارغا خاس قەۋىتىنى قۇلۇپلىدى. ئاياللار قۇپنى چېقىپ تاشلىدى. ساقچىلار ئاياللارنى ساقچىغا ئاپىرىپ تىزىمغا ئېلىپ قويۇپ بەردى. يەنە بىر جۈمە كۈنى، ساقچىلار مىچىتكە بارىدىغان يوللارنى قامال قىلىپ تۇرۇپ ئاياللارنى مىچىت تەرەپكە ئۆتكۈزمىدى. ئاياللار توپلىشىپ ئالدىغا مېڭىپ ساقچىلارغا ئۇپا چېچىپ، مۇداپىئە سېپىنى بۆسۈپ ئۆتتى.

جوڭگو كوممۇنىست مۇستەملىكىچىلىرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قاراتقان قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەر دايىم بانا ئىزدەيتتى. تۇلۇپ تاشقان سىياسىي زۇلۇم، تەڭسىزلىك، ناھەقچىلىقتا چىدىمىغان خەلق دەرت ئەيتسىلا ئۇنى «سىياسىي مەسىلە» دەپ ھۆكۈم قىلىپ، خەلقنى جازالاشقا ئادەتلەنگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ چىش - تىرنىقىغىچە قوراللانغان ئەسكەرلىرى قورالسىز خەلقنى ئۇرۇشتا، ئېتىشتا ناھايىتى «باتۇر» ئىدى. ئۆتكەن يىلى ئالىم مەھەممەت ئىمىننىڭ ئېتىپ تاشلانغانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرگەن ۋە ئۇنىڭ ھازىسىنى ئۇتۇپ مازار بېشىغا بارغان ياشلارنى تۇتقىن قىلىپ تۈرمىگە سولىغان بىر چوڭ ۋەقە بولۇپ ئۆتكەن ئىدى. بۇيىل يەنە ئاياللار مەسچىتكە بېرىپ ئەرلەر بىلەن بىرلىكتە ناماز ئوقۇيدىغان بىر يېڭى ئىش چىقتى، بۇ ئىش مۇستەملىكىچىلەرنى يەنە ئەنسىزلىككە سالدى. ئۇلار بەيتۇللا مەسچىتتىن بىر بانا ئىزلەپ يۆرەتتى.

7 - ئىيۇل كۈنى، بەيتۇللا مەسچىتنىڭ ئىچى - تېشى ئەتىگەن سائەت 9 دىلا لىق توشۇپ بولغان ئىدى. ئەمما سائەت 10 بولغاندىمۇ مەسچىتنىڭ خەتىپى كەلمىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا، مۇستەملىكىچى ھۆكۈمەت بۇنىڭدىن بىر كۈن بۇرۇنلا ئابدۇقەييۇم ئابدىمىجىتنى خەتىپلىكتىن ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مەتقۇربان داموللا ھاجىمنى تەيىنلىگەنلىكىنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئۇقتۇرۇپ، سابىق خەتىپنى مەسچىتكە بارماسلىققا، يېڭى خەتىپنى كېچىكمەي بېرىشقا مەجبۇرلىغان ئىكەن. مەسچىت جامائىتى ئىچىدە خەتىپ توغرىسىدا گەپ - سۆز چىقىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا كادىر سىياقلىق بىر كىشى: «خەتىپنى ۋالىي مەھكىمىسىگە سولاپ قويۇپتۇ.» دېدى. يەنە بىر كىشى: «بۇ يەردە ساقلاپ ئولتۇرغىچە ۋالىي مەھكىمىسىگە بېرىپ سۈرۈشتۈرۈپ باقمايلىمۇ» دېدى.... ۋاڭ - چۇڭ پەيدا بولدى. بىر بۆلۈك كىشىلەر ۋالىي مەھكىمىسى تەرەپكە ماڭدى. بىر مۇنچە كىچىك باللار ئەگىشىپ ماڭدى. بىر بۆلۈك جامائەت ۋالىي مەھكىمىسىگە يېتىپ باردى. ئۇيەردە قوراللىق ئەسكەرلەر ئاللىقاچان قاتار - قاتار تىزىلىپ تۇرغان ئىكەن. بۇ چاغدا، بىنانىڭ 3 - قەۋىتىدە تىكلەپ قويۇلغان سىن ئالغۇ ئاپپاراتلىرى جامائەتنى رەسىمگە ئېلىشقا باشلىدى. جامائەتنىڭ ئالدىغا ئابدۇقادىر توختى ئىسىملىك مۇئاۋىن ۋالىي

چىقىپ جامائەتنىڭ تەلىپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن : «بىز خەتىپنى سىلەرگە تېپىپ بىرەيلى» دېدى. جامائەت ۋالى مەھكىمىسىدىن چىقىپ كېتىشكە باشلىدى. بىر خىتاي ئەسكەر ئوق چىقاردى. جامائەتتىن بىر نەچچە كىشى ئۇ ئەسكەرنى ئۇردى. 20 ـ 30 ئەسكەر كېلىپ ئۇلارنى توقماقلاشقا باشلىدى. بىر نەچچە يۈز جامائەت قولىغا چىققاننى ئېلىپ ئەسكەرلەرگە هۇجۇم قىلدى. مەسچىتتە ناماز ئوقۇيالمىغان جامائەت بۇ يەرگە كېلىشكە باشلىدى. قورالسىز خەلق بىلەن قوراللىق ئەسكەر جىددى ئېلىشتى. بۇ ئېلىشىش 80 مىنۇت داۋام قىلدى. خەلقتىن يارىدار بولغانلارنىڭ سانى ئاز دېگەندە 400 يارىدار بولغان ئەسكەر سانىدىن 10 ھەسسە كۆپ ئىدى. بۇ چاغدا مۇستەملىكىچىلەرنىڭ دۆلەت مۇداپىئە قىسىملىرىدىن دىن ئارتۇق ئەسكەر كېلىپ ئەتراپنى قورشىدى. خەلقنى ئۇرۇۋاتقان ئەسكەرلەر چېكىندى. جامائەتكە قارىتىپ بىر نەچچە پاي گاز بومبا ئېتىلدى. بۇ چاغدا بىر نەچچە كېچىك بالا يىقىلدى. گازدا كۆزىنى ئاچالماي ئۇرغان ئادەملەرنى ئۇتقىن قىلىش باشلاندى. ئەتراپتىكى يوللارنى قامال قىلىپ ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى ئادەمنى، ھەتتا ئۇششاق باللارنىمۇ ئۇتقىن قىلدى.

مەلۇم بىر كادىرنىڭ ئەيتىپ بىرىشىچە، شۇ كۈنى ( 7 ـ ئىيۇل كۈنى ) ئەتراپتىكى ناھىيىلەردىمۇ يوللار قامال قىلىنىپ ، «گۇمانلىق ئادەملەر» دەپ تىزىمغا ئېلىنغانلارنى ئاختۇرۇپ يۈرۈپ ئۇتقىن قىلغان. خوتەن، قارىقاش، لوپ ناھىيىلىرىدىكى تۈرمىلەر تۇشۇپ كېتىپ ، كېرىيە، نىيە ناھىيىلىرىدىكى تۈرمىلەرگە ئاپىرىپ قامىغان . شۇ كۈنى بىر كۈن ئىچىدە تۈرمىگە تاشلانغان ئادەم سانى 3000 دىن ئاشقان. بۇنىڭدىن بىر- ئىككى كۈن بۇرۇن ساقچى ئورگان خىزمەتچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق تۇققانلىرىغا «بەيتىللا مەسچىتىنىڭ جۈمە نامىزىغا ھەرگىز بېرىپ سالماڭلا، خاپىلىققا قالىسىلەر» دەپ ئاگاللاندۇرۇش بەرگەن.

7- ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ، مۇستەملىكىچىلەر گويا ناھىيىسىدىكى ئاخۇنلارنى خوتەنگە ئەكىلىپ «7 ـ ئىيۇل ۋاقەسى» بولغان نەخ مەيدانىنى كۆرسىتىپ ، ئۇلارنى تېلېۋىزىيە ستانسىسىنىڭ سىنئالغۇ ئاپپاراتلىرى ئالدىدا سۆزلەتكەن. مۇستەملىكىچىلەرگە يان باسقان مەلوم بىر ئاخۇننىڭ ئۆيىگە كېچىدە 4 نەپەر نىقاپلىق يىگىت كىرىپ، ئۇنى ئۇبدان ئەدەپلىگەن. بۇ ئىشتىن كېيىن ، خوتەن، قارىقاش، لوپ قاتارلىق ناھىيەلەردە مۇستەملىكىچى ئەسكەرلەر كېچە كۈندۈز گۈزەت قىلىپ خەلققە ئەندىت سېلىپ ئۇرىدىغان بولۇپ قالدى. ۋە «7 ئىيۇل ۋاقەسى» دىن كېيىن ، مۇستەملىكىچىلەر 10 تۈرلۈك يېڭى سىياسەت ئەلان قىلغان. بۇلار تۆۋەندىكىچە :

1 ـ دىنىي ئۇقۇش - ئۇقۇتۇش قەتئى چەكلىنىدۇ. خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا 10 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويىلىدۇ.

2 ـ ھەر قانداق مەسچىتتە يۇقۇرى ئاۋازلىق كاناي ئورنىتىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

3 ـ ھەر قانداق مەسچىتتە جۈمە كۈندىن باشقا ۋاقىتتا تەبلىغ قىلىشقا بولمايدۇ.

4 ـ تەبلىغ جەريانىدا پەيغەمبەرلەرنىڭ تەرجىمەھالىنى سۆزلەشكە ۋە چەتئەللىكلەرنىڭ چۈن دۇئا قىلىشقا بولمايدۇ.

5 ـ رېستوران، دۇكانلاردا «قۇرئان» ياكى باشقا دىنىي تەبلىغ لېنتىلىرىنى قويۇشقا قەتئى بولمايدۇ.

6 ـ بازارلاردا دىنىي كىتاپلارنى سېتىش ياكى تارقىتىشقا قەتئى بولمايدۇ.

7 ـ ھەر قانداق مەسچىتكە ئاياللارنى كىرگۈزۈشكە قەتئى بولمايدۇ.

8 ـ ھەر قانداق مەسچىتنىڭ سىرتىدا سەپ تۈزۈپ ئولتۇرۇشقا قەتئى بولمايدۇ.

9 ـ دۆلەت كادىرلىرىنىڭ جۈمە نامىزىنى ئوقۇشى مەنئى قىلىنىدۇ.

10 ـ دىنىي كېيىم - كېچەك بىلەن نىقاپلانغان كادىرلار تەنقىت قىلىنىدۇ.

بۇ ۋاقەدىن كېيىن ، مۇستەملىكىچىلەر بەيتىللا مەسچىتىنىڭ نامىنى مەجبۇرىي ھالدا «سېدىر تۆۋى مەسچىت» كە ئۆزگەرتكۈزگەن ۋە بۇ مەسچىتكە يېڭىدىن تەيىنلىگەن خەتىپتىن «بۇ مەسچىتتە بىرەر ۋاقە چىقسا مەن مەسئۇل» دېگەن مەزمۇندا تىلخەت ئالغان.

خوتەن 7 ـ ئىيۇل ۋاقەسىدە تۇتقىن قىلىنغان ئادەملەرنىڭ شىكايىتى

... مەن 7 ـ ئىيۇل كۈنى، خوتەن شەھىرىگە ئىش بىجىرگىلى كىرگەن ئىدىم . ۋالى مەھكىمىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ خەلق بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ تاش توقماق ئىشلىتىپ ئېلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ يەردە بىر ئەچچە مىنۇت تۇردۇم. شۇ ئەسنادا بومبا ئېتىلدى. كۆزۈم ئېچىشىپ كېتىپ ئولتۇرۇپ قالدىم. بىر دەمدىن كېيىن ، ماشىناي دەپ تۇرسام ئەسكەرلەر كېلىپ مىنى تۇتۇۋېلىپ تۈرمىگە سولاپ قويدى. بىز 3 كىشى بىر كامېردا تۇردۇق . 3 كۈنگىچە بىر تېمىم سۇ ياكى بىر چىشلەم نان بەرمىدى. 8 خىتاي ئۆچىمىزنى كېچە ـ كۈندۈز قاتار ياتقۇزۇپ قويۇپ نۆبەتلىشىپ ئۇردى. ئەھۋالىمنى چۈشەندۈرۈپ باقتىم، ئاڭلىمىدى. ئۆزەم تاياق يەپ تۇرۇپ ، يەنە باشقا ئۆيلەردە ئېگراپ ـ چىقىراۋاتقانلارغا ئىچ ئاغرىتتىم. ئۈچ كۈندىن كېيىن، بىر كادىر مەندىن سوراق سورىدى. شۇ كۈنى ئىش بىجىرگىلى شەھەرگە كىرگەنلىكىمنى يانچۇقۇمدىكى ھۆججەتلەر ئارقىلىق ئىسپاتلىدىم. تۈرمىدە كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىمنى ھېچكىمگە ئەيتماسلىق شەرتى بىلەن قويۇپ بەردى. ئۆيگە چىققاندىن كېيىن بەدەنلىرىم ئاغرىپ يا ياتالماي يا ماڭالماي كۆپ قىنالدىم . دوختۇرغا كۆرۈندىم، ئۈچ كۈن ئاسما ئۇكۇل سالدى. ئۆتىنجى كۈنى 4 ئەسكەر چىقىپ ، تۈرمىنىڭ خەۋەرلىرى سىرتقا چىقىشقا باشلاپتۇ ، بۇنىڭغا سەن سەۋەپچى، دەپ يەنە تۇتۇپ كەتتى. يەنە 15 كۈن ياتتىم. كېسىلىم ئېغىرلىشىپ گېلىمدىن سۇمۇ ئۆتمەيدىغان بولدى. ئەزەربەنت ئاستىدا ئۆيۈمدە تۇرۇشقا رۇخسەت بەردى. ھازىر قوي، كالامنى سېتىپ ، پۇلىغا دورا ئەكىلىپ يەپ داۋالىنىۋاتىمەن. ئولتۇرسام پەللەك، ياتسام بەل ۋە يان ئاغرىيدۇ، دۈم يېتىپ كۈن ئۆتكۈزىۋاتىمەن. ئاڭلىسام تاماغ يېزىلىق ئابلىكىم ئابابەكرى، ئاقتاشلىق مەسۇم دېگەن يىگىتلەرنى 6 ئايلىقتىن قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىپ كېرىيەدىكى تۈرمىگە ئەكىتىپتۇ، ئۇلار بەيتىللا مەسچىتىنىڭ ئەدىلىكىنىمۇ بىلمەيدىغان باللار ئىدى.

ھازىر يېزا كەنتلەردە يىغىن ـ مەجلىس كۆپەيدى، سۇرۇشتۇرۇش جىددى بولىۋاتىدۇ. خەلقنى شۇ كۈنى مەسچىتكە بارغانلارنى ئەيىپلاشقا مەجبۇرلاۋاتىدۇ . يولدا كېتىۋاتقانلاردىن ساقال قويغان ، دوپپا كەيگەن يىگىتلەرنى ياكى بېشىغا ياغلىق چىگىۋالغان قىزلارنى كۆرسە ھېچبىر گەپ سورىمايلا تۇتۇپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. . .





ئابىتجان ئۆمەر بولتاش مۇسا قەشقەر سەۋۇت ئايماق
كومىسسىيە 15 يىللىق كېسىلگەن



تۇرسۇنجان مۇھەممەت قەشقەر شەھەر
20 يىللىق كېسىلگەن





奋后奋力量结合

本报消息 9月27日，地区中级人民法院在艾提尕广场召开宣判大会，依法对组织领导反革命集团的阿比提江·吾布里·卡斯木、吐逊江买买提、司马义买买提、热下提·买买提四名罪犯判处徒刑。

罪犯阿比提江·吾布里·卡斯木等四名罪犯于1994年8月15日以庆贺罪犯司马义买买提的生日为名，聚在一



ئۆمەرجان مۇھەممەت
قەشقەر شەھەردىن
10 يىللىق كېسىلگەن

بۇ گېزىتتە دېيىلگەن كۆرۈنۈشتە قەشقەر ...
1995-يىل 9-ئاينىڭ 27-كۈنىدىكى
كۆرۈنۈشى ... گېزىت ...

# THE MAP OF EAST TÜRKISTAN AND ITS NEIGHBORS

شەرقى تۇركستان



# دۇنيا ئۇيغۇر ئاخبارات تورى

1996 . 17 - ئىيول ئاسىيە ئاگاھلىمىز ئابدۇللاھ پامىر خەۋرى ( No: 31 )

## خىتايدىكى تۈرمىلەرنىڭ قاتىللىقى ئەمەلى ئىسپاتلانماقتا

بۇ يىل 7 - ئايدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەر كەتلەرنى باستۇرۇش باھانىسى بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتى ئىشكىرى ئۆلكىلەردىن ئۇرغۇتۇلغان خىتاي ئەسكەرلەرنى شەرقىي تۈركىستانغا يۆتكەپ چىقىپ، ھازىر شەرقىي تۈركىستاننىڭ شەھەر، يېزا - قىشلاقلىرىنى ئەسكەرگە توشقۇزۇۋەتكەن.

بۇ يىل 5 - ئايدا ئاقسۇ ئاۋات ناھىيىسى غوراچۆل يېزىسىنىڭ شەرقىي جەنۇپ تەرىپىدىكى تاشيولدا، شەرقىي تۈركىستان ئازاتلىق پرۇنتىدىكىلەرنى تازىلاش ئەترىتى دەپ ئاتالغان ئەسكەرلەر، ماشىنىسى بىلەن يولدا كېتىۋاتقان بىگۇنا ئۈچ كىشىنى ئىشەك ھارۋىسى بىلەن قوشۇپ قەستەن باسقۇزۇۋەتكەن. بۇ ئۈچ كىشىنىڭ ئىسمىلىكى:

قادىرەم 50 ياشتا، دىخان. قادىرەمنىڭ ئايالى 45 ياشتا ئىسمى ھەپىزەم.

بۇلارنىڭ ئوغلى ھەسەنجان 12 ياشتا بولۇپ، بۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇققانلىرى ئەدلىيە ئورۇنلىرىغا بىر قانچە قېتىم ئەرىز قىلغان بولسىمۇ، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ئۇلارغا؛ بىز ھەربىيلەرنىڭ ئىشىغا ئارىلىشالمايمىز. تازىلاش جەريانىدا خىزمەت قىلىۋاتقانلاردىن ھەرقانداق خاتالىق ئۆتسە سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ. بۇ توغرىدا بىزگە يۇقىرىدىن ئۇقتۇرۇش بار؛ دەپ ئۇلارنىڭ ئەرزىنى مۇتلەق سورىمىغان. بۇ ئەلەمگە چىدىمىغان قادىرەمنىڭ ئىنىسى ئۆمەر، كېچىدە ئاقسۇ 3 - شى 16 - قۇرلۇش ئارمىيىسىنىڭ ھايۋان قوتانلىرىغا ئوتقويۇپ قېچىپ كەتكەن. بۇ ۋەقەدىن قۇرلۇش ئارمىيىسى 300 000 يۈەنگە يېقىن زىيان تارتقان. « **زۇلۇم بار يەردە قارشىلىق بار** » دەپ ھازىر شەرقىي تۈركىستان خەلقىمۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ زۇلمىغا قاراپ تۇرمايدىغان بولدى.

خىتاي ھۆكۈمىتى ھازىر شەرقىي تۈركىستاندىن سىياسىي جىنايەتچى دەپ قولغا ئالغان ياشلارنى ئىشكىرى ئۆلكىلەرگە يۆتكەپ كەتكەن. بۇ ياشلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ئۆز پەرزەنتلىرىنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن ئىشكىرى ئۆلكىلەردىن چىڭخەي، گەنسۇ، ھەتتا خېنەنگىچىلىك بارغان بولسىمۇ، بىچارە ئاتا - ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىدىن ھېچ ئىز دەرەك ئالالمىغان. بۇ بالىلارنىڭ زادى قايەردىكى تۈرمىلاردا ئىكەنلىكىنى ھازىر نامەلۇم بولغاچقا بۇ ئاتا - ئانىلار ئۆتمۈشتىكى جاللات شىڭ سىسەيدەك بۇ ھۆكۈمەتمۇ ئۈن - ئۈنسىز بالىلىرىمىزنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئوخشايدۇ دەپ گۇمانلانماقتا ۋە دېرەكسىز يوقالغان بالىلارنىڭ غەم - قايغۇسىدا ئېغىر ئازاپلانماقتا.

بۇ يىل 6 - ئايدا ئۈرۈمچى جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى تۈرمىسىنىڭ 3 - قاتار 5 - كامېرادىكى ئىككى ياشنى ساقچىلار قاتتىق ئۇرۇپ داۋالىماي، ئاچ قويۇپ ئۆلتۈرىۋەتكەن. بۇ ياشلارنىڭ بىرى قەشقەر بەشكېرەمدىن، ئىسمى: يارمۇھەممەت. 22 ياش. يەنە بىرسى كۇچار ناھىيىسى ئالاقاغا يېزىسىدىن، ئىسمى: ساتتار قارى 24 ياش. بۇنىڭدىن باشقا تۈرمىلاردىمۇ بۇنداق ۋەھشىلەرچە ئۇرۇپ، قىيناپ ئۆلتۈرۈش ئىشلىرى ناھايىتى كۆپ.

خىتاي ھۆكۈمىتى ھازىر سىياسىي جىنايەتچى دەپ ئاتالغان كۆپلىگەن ياشلارنى تۈرمىلەردە ئاچ قويۇش، تاياق زەربىسى، تۈرلۈك ۋەھشى ئۇسۇللار ئارقىلىق قىيناپ يوق قىلىش سىياسىتىنى يولغا قويماقتا.


**شەرقىي تۈركىستان ئالاقە - ئۇچۇر مەركىزى**

**Eastern Turkistan Information Center**

**Internet: http://www.ccs.uky.edu/~rakhim/etic.html**

**E-mail: 0899046155-0001@t-online.de**

**Tel: 0049/89/904 53 40 Fax- Modem : 0049/89/904 61 55.**

# دۇنيا ئۇيغۇر ئاخبارات تورى

1996 . 12 - ئىيول ~~شەرقي تۈركستان~~ ئالما ئاتا ش. ت. مىللي بىرلىك سىپىنىڭ مۇراجاتى ( No: 31 )

**مۇستەقىل تۈرك دۆلەتلىرى - تۈركىيە، قىبرىس، ئەزەربەيجان، تۈركمەنىستان، ئۆزبەكىستان، قىرغىزىستان، قازاقىستان جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ پارلامېنتلىرىغە،**

**كوپىيىسى: ئا ق ش ، ئاۋۇستىرالىيە ، ياپونىيە ، رۇسىيە ، ئىسرائىل ۋە ياۋروپا پارلېمېنتلىرىغە**

## مۇراجات

جانابى دېپوتاتلار ، سىناتورلار ، ۋەكىللەر :

بىز ھەر بىرىڭلارغا يېزىۋاتقان مۇراجەتنى ئەسىرىمىزنىڭ 20 - يىللىرىدىن 90 - يىللىرىغىچە سابىق سوۋېت ئىمپىرىيەسى بىلەن خىتاي گومىنداڭ باسقۇنچىلىرىنىڭ 1950 - يىلدىن بېرى كومۇنىست خىتاي دىكتاتۇرلىقىنىڭ قانىمۇ - قات زۇلۇم، خىيانەت ۋە قەستلىرى ئاستىدا ئىنسانىي جەھەتتىن ئاياق ئاستى بولۇپ، مىللىي جەھەتتىن بۈگۈن تارىختىن يوقۇلۇشتەك بىر ھالغا كېلىپ قالغان شەرقىي تۈركستان خەلقى نامىدىن يېزىۋاتىمىز. شەرقىي تۈركستان خەلقى دېگىنىمىز ، 22 مىللىيون ئۇيغۇر ، 1.5 مىللىيون قازاق، يېرىم مىللىيونغا يېقىن قىرغىز، ئۆزبەك ۋە تاتارلاردىن ئىبارەت بۇ مىللەتلەر ئەڭ قەدىمىي شەرقىي تۈركستان تۈركلىرى بولۇپ، ھازىرقى پۈتۈن دۇنيا تۈركلىرىنىڭ ئاتىسى ھىساپلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار 963 - مىلادى ئەيسا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيەگە تارقاتقان ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيەنىڭ بۈيۈك تۈرك مەدەنىيىتىنى ھەم مۇشۇ خەلق باشلاپ بەرگەن ئىدى. بۇ تارىخىي پاكىتلارنى پۈتۈن دۇنيا تارىخچىلىرى، شەرقشۇناسلىرى ياخشى بىلىدۇ.

تارىختا مانا مۇشۇنداق بۈيۈك بىر خەلق بولۇپ، ئۇلۇغ ئىدىقۇت قارا خانىلار كەبى دۆلەتلەرنى قۇرۇپ، دۇنيا مەدەنىيىتىگە موميا، ئىپەك، ئەينەك، گىلەم ۋە مىڭ ئۆي مەدەنىيەتلىرىنى بېرىپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقى بۈگۈن دۇچ كېلىۋاتقان قورقۇنۇچلۇق پاكىتلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1 - 1996 يىلى 26 - ئاپرېل خىتاينىڭ شاڭخەي شەھرىدە خىتاي، روسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋەكىللىرى قول قويغان توختام بويىچە ئالەم، ئالەم بولغاندىن بېرى شەرقىي تۈركلىرىنىڭ ئانا ۋەتىنى بولۇپ كەلگەن 1 مىللىيون 210 مىڭ مو رەببە كېلومېتىرلىق ئۇيغۇر يەرلىرى خىتاي مەنپەئەتىگە « خىتاي ئىمپىرىيەسى؟! » دەپ ئېتىراپ قىلىنىپ، بۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ خىتاي ئىمپىرىيەسىگە قارشى مىللىي ئازاتلىق ھەركەتلىرىگە چەك قويۇلدى. بۇنىڭدىن پايدىلانغان بېيجىڭ خىيانەتكارلىرى توختامغا قول قويۇلۇپ ئون كۈن ئۆتە ئۆتمەيلا شەرقىي تۈركستان بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن مىللىي زىيالىلار بىلەن ياشلارنى، دىنىي زاتلارنى قاتتىق تەقىپ ئاستىغا ئېلىپ تۈرمىلەرگە تاشلاشقا باشلىدى. ھازىر پۈتۈن دۇنيا مەتبۇئاتلىرىدا يېزىلىۋاتقىنىدەك، تۈرمىگە ئېلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 20000 كىشىگە يېتىپ قالدى. بۇلاردىن ئازغىنا

قارشىلىق كۆرسەتكەن 20 كىشى شۇ مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلۈپ، قالغانلاردىن ئىككى ئاي ئىچىدە 95 كىشىگە ئۆلۈم ھۆكۈم قىلىندى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي روھىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان 100 مىڭ نۇسخىدىن ئوشۇق تارىخىي، مەدەنىي ھۆججەتلەر يىغىۋېلىنىپ، 22 مىللىي نەشرىيات يېپىلدى. شۇ كۈنگىچە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا 92 تۈرمە لاگېرلىرى بولۇپ، ئۇلاردا 250 مىڭدىن ئوشۇق مەھبۇسلار ئازاپلىنىپ كېلىۋاتاتتى. ئالدىغا 20 - 30 يىل بولغان بۇ مەھبۇسلار قاتارىغا ھازىر كۈنگە مىڭلاپ مەھبۇسلار قوشۇلۇۋاتىدۇ. مۇشۇ يىل 13 - ئىيون كۈنى يالغۇز ئۈرۈمچى شەھرىدە 1200 كىشى قولغا ئېلىندى. بۇ قاتتىق زەربە ھازىرمۇ داۋام قىلىۋاتىدۇ.

2 - بېيجىڭنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى خىتاي بىلەن خىتايلاشتۇرۇش پىلانى بويىچە، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە 100 مىللىيون خىتاي كۆچۈرۈپ چىقىش نىشانىنى مۇناسىپ دۆلەتلەر خېلىدىن بېرى بىلىدۇ. بېيجىڭ 1980 - يىل تارىمدىن پەۋقۇلئاددە نېفىت بايلىقى تېپىلىشى بىلەن بۇ پىلانىنىڭ پۈتۈن سالمىقىنى تارىمغا قاراتتى. يەنى، بۇ زېمىنغا 20 مىللىيون خىتاي قارانوپۇسلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى بەلگۈلىدى. ھازىر بۇ زېمىنغا قاراپ كۈنىگە 40 - 50 مىڭ خىتاي كېلىۋاتىدۇ. ئۈچ تاش يول، ئىككى تۆمۈر يول ياساۋاتىدۇ. سەككىز ئايروپىلان ئىستانسىسى قۇرۇپ ئىچكىرىگە قاتنايدىغان ھاۋا يولىنى ئالىلىقاچان باشلىۋەتتى. ھازىرنىڭ ئۆزىدە شىمالىي تارىمدىن ھەر كۈنى 2.5 مىڭ تونىنا نېفىت ئېلىۋاتىدۇ. بۇ نېفىتنى يەر ئاستى ئۈربىلىرى ئارقىلىق خوشنا چىڭخەي، ئۆلكىسىدىكى چەيدان نېفىت بازىسىغا ئاقتۇزۇۋاتىدۇ. بۇ ئاجايىپ پىلانلارنى ش ئۇ ئا ر مەركىزى ئۈرۈمچى بىلمەيدۇ. توپ - توغرا بېيجىڭ ئۆزى باشقۇرۇۋاتىدۇ.

3 - بېيجىڭ 1996 يىل كىرىشى بىلەن 9 - بەش يىللىق ئىختىسادىي پىلانىنى بېكىتتى. بۇ پىلانىنىڭ ھازىرچە بىزگە مەلۇم بولغان رەقەملىرى مۇنداق: شىنجاڭ ئىككى مىڭىنچى يىلىغىچە بېيجىڭنى 80 مىللىيون تونىنا نېفىت، 40 مىللىيون تونىنا ئاشلىق، 6 مىللىيون تونىنا پاختا، 25 مىللىيون تونىنا باش مال گۆشى، 5 مىللىيون تونىنا مىۋە - چىۋە بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى شىنجاڭ بۇ ئارىدا بېيجىڭگە 85 مىللىيارد يۈەن مالىيە كىرىمى بېرىشى كېرەك. ھازىر شىنجاڭدا بېيجىڭنىڭ 3 مىللىيون كىشىلىك «ئىشلەپ چىقىرىش ئارمىيىسى» دىگەن قوراللىق دىخانلىرى بار. بۇ «دىخانلار» ھەم بۇ بەش يىل ئىچىدە بېيجىڭگە 35 مىللىيارد يۈەن كىرىم بېرىدۇ.

بۇ يەردىكى گەپ شۇكى، يۇقۇرىدا سانالغان بايلىقلارنى ئۆز يېرىدىن ئۆزى ئېلىپ بېيجىڭغا تېكىنىگە بېرىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقى ئۆزى بۈگۈن دۇنيا خەلقلىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋيەسىدىن 29 - ئورۇندا تۆۋەن ياشاۋاتىدۇ. ھازىر قەشقەر ۋادىسىدا 1 مىللىيون 28 مىڭ ئائىلە ( 6 مىللىيونغا يېقىن كىشى ) ئەڭ كەمبەغەل ياشاۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ يىللىق كىرىمى 2000 يۈەنگە يەتمەيدۇ. بۇ ئەتراپتىكى خىتايلارنىڭ كىرىمى بولسا 10 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ.

ئەمدى بېيجىڭنىڭ 1963 - يىلىدىن ھازىرغىچە شەرقىي تۈركىستاندا 44 قېتىم ئاتوم يادرو سىناقلىرىنى ئۆتكۈزۈپ 250 مىڭدىن ئوشۇق شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى ھالاك قىلغانلىقلىرىنى، شەرقىي تۈركىستان ئېكولوگىيەسىنىڭ بۈگۈن پەۋقۇلئاددە خەتەرلىك بىر ئەھۋالغا كېلىپ قالغانلىقىنى، 1982 - يىلىدىن بېرى [illegible]

تۇغۇلۇشى بىلەن ئۆلتۈرۈپ، گۆشلىرىنى ھونكوڭ بىلەن ئىچكى خىتايغا ئېكسپورت قىلغانلىقلىرىنى دۇنيا خەلقلىرى ياخشى بىلمەيدۇ. بېيجىڭنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان بۇ كەبى ئاسسىمىلاتسىيەلىك سىياسەتلىرىنى بۇ خەتتە ساناپ تۈگەتىش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن مۇراجىئەتىمىزگە ئايرىم ماتېريال قوشتۇق.

**جانابى دېپۇتاتلار، سىناتورلار، ۋەكىللەر:**

مانا بۇ پاكىتلاردىن ئۆزەڭلار بىر ئادىل خۇلاسە چىقىرىپ كۆرسەڭلار. خىتاي مۇستەملىكچىلىرى 40 يىلدىن بېرى توختىماي يۈرگۈزۈپ كەلگەن بۇ قاباھەت ھەربىي دىكتاتورا، كومۇنىستلىق تەقىپ، چېكىدىن ئاشقان مىللىي زۇلۇم ۋە زوراۋانلىقلارغا ھەر قانداق بىر سەۋرلىك خەلقنىڭ چىدىشى مۇمكىنمۇ؟ بۇنداق چېكىدىن ئاشقان قاتتىق زىدىيەتلەرنى تىنچ - مۇرەسسە يولى بىلەن ھەل قىلىش مۇمكىنمۇ؟ بىز شەرقىي تۈركىستانلىقلار 40 يىلدىن بېرى بۇ خىل تەشەببۇسلارغا ياكى ئالدىنىپ ياكى مەجبۇرى بويسۇنۇپ بۈگۈنكى يوقۇلۇش ھالىتىمىزگە كېلىپ قالدۇق. بىزنىڭ ئەمدى چىدىشىمىزغا زادىلا سەۋەپلەر قالمىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ شەرقىي تۈركىستان خەلقى بۈگۈن بېيجىڭنىڭ ھازىرقى ئومۇميۈزلۈك بېسقۇنچىلىقىغا قارشى قولىغا قورال ئېلىپ كۆرەشكە چىقتى. خىتاينىڭ مەركىزى ھەربىي ئىشلار كومىتېتى بۇ يىل 27 - ئىيون بېيجىڭغا يازغان دوكلاتىدا « شىنجاڭ بويىچە بىر يېرىم ئاي ئىچىدە 17 قېتىم قوراللىق توپىلاڭ بولۇپ، 48 يەردە پارتلاش يۈز بەردى. 480 دىن ئوشۇق خىتايلار ئۆلۈپ ياكى يارىلىنىپ، 630 بۆلگۈنچىلەر يوقۇتۇلدى » دەپ يازدى. ھازىر شەرقىي تۈركىستان بويىچە 5 - 10 يەردە قوراللىق كۆرەش داۋام قىلىۋاتىدۇ. دېمەك بىزنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا ئازاتلىق ئۈچۈن بۈگۈن قان تۆكۈلۈۋاتىدۇ.

شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بېشىغا چۈشكەن بۈگۈنكى بۇ قاباھەت ئېغىرچىلىقلار ئۈستىدە مۇشۇ كۈنگىچىلىك ھەر بىرىڭلارنىڭ ھۆكۈمەتلىرىگە ئونلىغان خەت مۇراجىئەتلەرنى يازغان بولساقمۇ ھېچ بىرسىگە جاۋاپ ئالالمىدۇق. خىتاي پرەزىدېنتى جياڭ زېمىننىڭ بۇ يىل 1 - ئىيۇلدىن 6 - ئىيۇلغىچە ئوتتۇرا ئاسىيە جۇمھۇرىيەتلىرىدە بولۇشى « **شائخەي توختامىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئۈستىدىكى بېسىمى** » نى يەنە كۈچەيتىۋەتتى.

بىز ھازىرقى زامان دۇنيا ئىشلىرىغا ئەڭ يۇقۇرىدىن ئادالەت بىلەن قاراپ كېلىۋاتقان سىلەردەك قىممەتلىك دېموكراتلارغا، بۇ خېتىمىز ئارقىلىق تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتا بويىچە مۇراجىئەت قىلىۋاتىمىز.

بىرىنچى: خىتاي دىكتاتۇرلىرىنىڭ ھازىرقى شەرقىي تۈركىستان بويىچە ئېلىپ بېرىۋاتقان « قاتتىق زەربە بېرىش » دىگەن قاتىللىق ھەركىتىنى ۋە يەنە ئۆتكۈزمەكچى بولۇۋاتقان 45 - قېتىملىق ئاتوم سىنىقىنى قەتئىي توختۇتۇشقا مەجبۇرلىشىڭلارنى، ھەمدە شائخەي بېتىمىنىڭ بۇ ھەقتىكى يول قويۇشىنى بىكار قىلدۇرۇشۇڭلارنى سورايمىز.

ئىككىنچى: خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا داۋاملىق زوراۋانلىق قىلىپ كېلىشىگە يول قويۇپ كېلىۋاتقان « شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى خىتاينىڭ ئىچكى ئىشى » دىگەن كونا قائىدىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ تارىختىن بۇيان ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل مەسىلە بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىڭلارنى مۇراجىئەت قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن:

شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلاۋى مىللىي بىرلىك سېپىنىڭ رەئىسى - يۈسۈپبەك مۇخلىس ش ت ت م ب دىنىي ۋە تەشۋىقات ئىشلىرىنىڭ مەسئۇلى - ئىمام ھاجى ئابدۇررازاق ش ت ت م ب ئۆزبەكىستان بۆلۈمىنىڭ ۋەكىلى ئىرفان توختى ( تارىخچى ) ش ت ت م ب قىرغىزىستان بۆلۈمىنىڭ ۋەكىلى ئابدۇلكېرىم ھاجى، قازاقىستان ئۇيغۇرلىرى ئىتتىپاقىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى - دولقۇن ياسىن ( شائىر ) قازاقىستان ئۇيغۇرلىرى مەدەنىيەت جەمىيىتىنىڭ رەئىسى - رابىك ئىسمايىل ( ئالىم ) ئالمۇتا شەھەرلىك ئۇيغۇر ئاياللىرى مەركىزىنىڭ رەئىسى - بۈۋىخان ( ئالىمە ) خەلىقئارا لوپنۇر كومىتېتىنىڭ مەسئۇلى - ھۆرقىز.

ئالمۇتا، 1996 - يىل 11 - ئىيول

ئىلاۋە: بۇ مۇراجىئەتنى ئاپشۇرۇپ ئالغان ھەر بىر ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ئەگەر ئۆزلىرى قوشۇلسا، دەرھال شۇ يەرنىڭ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، يۇقۇرىدا ئىمزا قىلغان كىشىلەر قاتارىدا ئۆز ئىمزالىرىنى قويۇپ شۇ يەرنىڭ پارلامېنتىغا ئاپشۇرۇپ بەرسە تولىمۇ مەمنۇن بولغان بولاتتۇق.

**شەرقىي تۈركىستان ئالاقە - ئۇچۇر مەركىزى**

**Eastern Turkistan Information Center**
**Internet: http://www.ccs.uky.edu/~rakhim/etic.html**
**E-mail: 0899046155-0001@t-online.de**

**Tel: 0049/89/904 53 40 Fax- Modem : 0049/89/904 61 55.**

دۇنيا ئۇيغۇر ئاخبارات تورى

گوللاندىيە ئاگېنتىمىز مەھمەت تۇتۇنچى خەۋىرى ( No: 28 )

# غەربىي يۇرتتا بولۇۋاتقان ئەنسىزلىك

لوندوندا چىقىدىغان شىگداۋ گېزىتىنىڭ ( ختايچە ) 1996 . 6 . ئاينىڭ 18 . كۈنىدىكى خەۋىرى.

يېقىندىن بۇيان، تىبەت ۋە شىنجاڭدا ۋەقەلەر يۈز بەرمەكتە. شىنجاڭدا ھەتتا قانچە مىڭ ئىش تېرىغۇچىلار قولغا ئېلىندى. قاماقلار - تۈرمىلەرمۇ چوقۇم ئازلىق قىلىۋاتقاندۇر. ئۇياقتىن تىبەت سىياسىي كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خىزمەتدىن ئېلىنىپ تاشلانسا، بۇ ياقتىن يەنە شىنجاڭدا سىياسىي كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى كىشىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. غەربىي رايۇننىڭ تۈزلۈكسىز غۇل - غۇلىغا قارىتا ختاي رەئىسى جاڭ، چارىسىز بېغىشلىما يازدى. ئۇنىڭ ئىشىدا ئەلبەتتە ئەسكەر ئېۋەتىشنى ئۇنۇتمىدى.

شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار بولسا، چېگرا سىرتىدىكى تېرورىزىم بىلەن ئالاقە قۇرۇۋالغانلىقتىن ھامان بىر بومبا ئىسكىلاتى شەكىللىنىدۇ. بۇ ئادەملەر ياۋۇز، قالاق، دىنىي جەھەتتىن ئۇزۇن يىللاردىن بېرى زەربىيەپ بېسىلىپ كەلگەن. « زوزۇڭتاڭدىن - ۋاڭ جىن غىچە » ھۆكۈمدار بولغانلار سانسىزلىغان مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرگەنلىكتىن، بۇلارنىڭ قانلىق ئىنتىقامى بار. بۇ ئىنتىقامنى تېخى ئالغىنى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ دۇنيانى ئىدارە قىلىش نىيىتى بار. ھازىر ئاجىزلىقتىن پايدىلىنىپ، ئىچكى - تاشقى كۈچلەر بىلەن بىرلىشىپ جېنىگنى ئالماقچى. زېمىنى بۈيۈك. چېگراسى شۇنچە كەڭ بىپايان زېمىندا ئۇلارنى قورشاپ ئۆلتۈرمەك ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس. يېقىندا شىنخۇۋاشى ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ بىر سابىق باشلىقى ماقالە يېزىپ، فېدېراسىيون تۈزۈمىنىڭ جۇڭگوغا ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى تەكىتلىگەن. ئەمما تىبەت ۋە شىنجاڭنىڭ ھالىغا قارايدىغان بولسىڭىز ئادەمگە شۇ سوئال كېلىدۇكى: ئۇنداقتا داۋاملىق باستۇرۇش سىياستى جۇڭگوغا ئۇيغۇن كېلەمدۇ؟ بىر دۆلەت ئۇزۇن زامانلىق باستۇرۇش ۋاستىسى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بىرلىكىنى ساقلىيالامدۇ؟

شەرقىي تۈركىستان ئالاقە - ئۇچۇر مەركىزى
Eastern Turkistan Information Center
Internet: http://www.ccs.uky.edu/~rakhim/etic.html
E-mail: 0899046155-0001@t-online.de

Tel: 0049/89/904 53 40 Fax- Modem : 0049/89/904 61 55.

# دۇنيا ئۇيغۇر ئاخبارات تورى

1996 . 8 ـ ئىيول شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى گېزىتىنىڭ خەۋىرى ( No: 27 )

غۇلجا بويىچە « قاتتىق زەربە بېرىش » ھەركىتى داۋام قىلىپ تۆرت قېتىم 400 دىن ئارتۇق « جىنايەتچى » جازالانغان. بۇرۇنقى جازالانغاندا ئەيپلەنگەن 3700 ئائىلە باشلىقلىرى بىلەن توختام تۈزۈپ « بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئائىلىدە پارتىيەگە قارشى ئىشلار بولمايدۇ » دېگەن تىل خەت ئالغان.

بۇ ئۇسۇل خىتايلارنىڭ 1985 ـ يىلىدىكى ياشلار نامايىشىدىن كېيىن ئۈرۈمچى، تۇرپان، كۇچار، قەشقەرلەردە ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان ئائىللەرنى ئاسارەت ئاستىغا ئېلىش بولۇپ، تۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر ئائىلىرىنى ئەنە شۇنداق توختامنىڭ قۇلى قىلغان ئىدى. بۇ خۇددى گىتلەر فاشىزىمىنىڭ مەھپۇزلارنىڭ بويىنغا ئۆلۈم تاختىسىنى ئېسىپ شۇنىڭ بىلەن يوق قىلىش چارىسى ئىدى.

ۋەتەن ئۈشقۇنى شتابىنىڭ 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن « قاتتىق زەربە بېرىش » جەريانىدا پۈتۈن قولغا ئالغانلارنى قايتا تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشقا مەۋەپ بولدى. شتاپنىڭ ئېنىقلىشىچە بۇ ھەركەت باشلانغاندىن بېرى قولغا ئالغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ئېنىقلاندى. ۋەتەن ئۈچقۇنى شتابىنىڭ مەلۇماتىچە، بۇ قېتىم ئىككى يېرىم ئاينىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى، تۇرپان، غۇلجا، قارامايدىن 8000 ئۇيغۇر قولغا ئېلىنغان. شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدا پەقەتلا ئاقسۇ ۋىلايىتىدىن 10 000 ئۇيغۇر قولغا ئېلىنغان. خىتاي دېكتاتۇرلىرى ھازىر مۇشۇ قولغا ئالغانلار ئىچىدە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىدىغانلىرىنى ئايرىۋاتىدۇ. يەنە بىرتەرەپتىن مۇشۇ يېقىندىن باشلاپ بۇ « قاتتىق زەربە بېرىش » دېگەن ھەركەتنى قەشقەر، قاراشەھەر، خوتەن ۋىلايەتلىرىدە ئېلىپ بېرىشنىڭ پىلانىنى قىلماقتا.

## « ئۈرۈمچى رادىئو » سىنىڭ 10 ـ ئىيولدىكى خەۋىرى

بۈگۈن شىنجاڭ بويىچە شەرقىي تۈركىستان بىلەن پاكىستان چېگراسى خونجىراپتىكى خىتاي ھەربىي مۇھاپىزىلىرىنىڭ كوماندىرى مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قارشى جەڭدە قەھرىمانلىق بىلەن ئۆلگەن. بۇنى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە خاتىرلەش ئۈچۈن ھەممە جايلارغا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. بۇ كوماندىرنىڭ روھىدىن ئۆگىنىش ئۈچۈن شىنجاڭ بويىچە ھەربىي، ساقچى، قانۇن كادىرلىرى ئىچىدە ئۆگىنىش باشلاش تەشەببۇس قىلىنغان.

ۋەتەن ئۈچقۇنى شتابىنىڭ مەلۇم قىلىشىچە بۇ چېگرادا 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئاتالمىش كوماندىر 20 ئەسكىرى بىلەن مىللىي پىدائىلار تەرىپىدىن پاچاقلاپ تاشلانغان ئىدى. بۇ ئەتراپتىكى تاغلار ئىچىدە مىللىي پىدائىلار خىتاي باسقۇنچىلىرىغا قارشى قاتتىق كۈرەش ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ.


**شەرقىي تۈركىستان كالاقە ـ ئۇچۇر مەركىزى**

**Eastern Turkistan Information Center**

**Internet: http://www.ccs.uky.edu/~rakhim/etic.html**

**E-mail: 0899046155-0001@t-online.de**

## دۇنيا ئۇيغۇر ئاخبارات تورى

1996 . 6 . ئىيول تۈركىيە قەيسەر ئاگېنتىمىز ئابدۇلمەجىت ئاۋشار خەۋىرى ( No: 23 )

# شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت ۋە ياردەملەشمە جەمئىيىتى مۇخبىرلارغا بايانات يىغىنى ئۆتكۈزدى.

تۈركىيەنىڭ قەيسەر شەھىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت ۋە ياردەملەشمە جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى مەھمەت ئەمىن باتۇر. شەرقىي تۈركىستاندا كېيىنكى ئۈچ ئاي ئىچىدە خىتاي ھۆكۈمىتى زۇلۇمىنىڭ ناھايىتى ئاشقانلىقىنى سۆزلىدى. باتۇر، « گېرمانىيەدە قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئالاقە - ئۇچۇر مەركىزىدىن ئالغان خەۋەرلەرگە قارىغاندا، 10 مىڭ ئەتراپىدا شەرقىي تۈركىستان خەلقى قولغا ئېلىندى. بۇ قولغا ئېلىنغانلارنىڭ ھېچ قايسىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ نېمە بولغىنى مەلۇم ئەمەس. يۇرتداشلىرىمىزنىڭ ھاياتىدىن ئەمىن ئەمەسمىز » دېدى.

باتۇر يەنە، ئىشەنچلىك مەنبەئەلەردىن ئېلىنغان خەۋەرلەرگە قارىغاندا، « شەرقىي تۈركىستاننىڭ پايتەختى ئۈرۈمچىدە ساقچى قىسىملىرى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ مەخپىي يىغىنلىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەردە، خىتاي ھۆكۈمىتى چەچەنىستاندىكى ئۇرۇشنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىمۇ پارتلىشىدىن ناھايىتى قورققان. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇقېتىمقى « قاتتىق زەربە بېرىش » ھەركىتىدە ئۇيغۇرلاردىن يەنى دىنىي زاتلار ۋە تالىپلاردىن ئەر كېتاپقان 10 مىڭ كىشىنى قولغا ئالغانلىقى تەخمىن قىلىنماقتا. بۇ قولغا ئېلىنغانلار 1995 دە قولغا ئېلىنغان تۆرت مىڭ تالىپ بالىلاردەك ئۇلارنىڭ قايەردىكى تۈرمىلەردە ئىكەنلىكى نامەلۇم. يەنە خىتاي مەنبەئەلىك تەشۋىقات ئورۇنلىرىدىن كەلگەن خەۋەرلەرگە قارىغاندا، شەرقىي تۈركىستاندىكى تۇتقۇن ۋە ئادەم ئېتىش ھەركىتى داۋام قىلىدىغانلىقى مەلۇم. 21 - ئەسىرگە بىرقانچە يىل قېلىشى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىكى 25 مىليون خەلققە قارشى ئىشلەنگەن ۋەھشى زۇلۇملارنى كىم توختىتىدۇ؟ تارىختا قارا داغ بولۇپ چاپلانغان خىتاي زۇلمىغا قارىتا دۇنيا قانچىلىك سۈكۈت قىلىدۇ؟ ئەڭ باشتا تۈركىيە ۋە ئىسلام ئالىمى ۋە پۈتۈن ئىنسان ھەق - ھوقۇقىنى ھىمايە قىلغۇچىلىرىدىن خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى ئاكتىپ بىر سىياسەت يۈرگۈزىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. » دېدى.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەھشىلەرچە قىلىۋاتقان زۇلۇمىغا قارىتا شەرقىي تۈركىستانلىقلارمۇ ھېچ ئۈن چىقارماي تۇرمىغانلىقىنى سۆزلىگەن مەھمەت ئەمىن باتۇر، سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ « خىتاي مەنبەئەلىرىدىن ئېلىنغان خەۋەرلەرگە قارىغاندا، شەرقىي تۈركىستان خەلقى بۇ ۋەقەلەرگە سۈكۈت قىلغىنى يوق. ئاپرېل ئېيىدىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ناھايىتى ئېغىر ۋەقەلەردىن 79 قېتىم يۈزبەرگەن. ئاساسىي جەھەتتىن 2000 ئەتراپىدا ساقچى ۋە ئەسكەر ئۆلتۈرۈلگەن. ئاپرېل ئېيىنىڭ ئاخىرلىرىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ 15 ۋىلايىتىدە بىر ئاي ئىچىدە تەخمىنەن 65 مىڭ ئادەم توپىلاڭغا قاتناشقانلىقى ۋە شەرقىي تۈركىستاننى قىزىل كوممۇنىست بېسىۋالغاندىن بۇيانقى ئەڭ چوڭ ۋەقەلەردىن بىرى بولغانلىقى خىتايچە گېزىتلەردە يېزىلغان. ناھايىتى چوڭ ئەسكىرى كۈچ بىلەن بېسىقتۇرۇلغان بۇ ۋەقەلەر بۈگۈنكى كۈندە پارتىزانلىق ئۇرۇشىغا ئايلانغانلىقىغا دائىر خەۋەرلەرنى ئالماقتىمىز. شەرقىي تۈركىستانلىق مۇجاھىدلاردىن قورققان خىتايلار، ئاخشاملىرى سائەت 21 دىن كېيىن كوچىغا يۈرەكلىك چىقالمايۋاتقانلىقى ھەققىدە مەلۇماتلار ئالدۇق. شەرقىي تۈركىستاندا مۇستەقىللىق ھەركەتلىرى كۈندىن - كۈنگە جۇش ئۇرۇپ ئەۋج ئالماقتا. ئۇزۇنغا قالماي ئەڭ ئاخىرقى ئاسارەت ئاستىدا ياشاۋاتقان مۇسۇلمان ۋە ئۇيغۇر تۈركلىرىمۇ ئازتلىققا ئېرىشىدۇ! »


شەرقىي تۈركىستان ئالاقە - ئۇچۇر مەركىزى

**Eastern Turkistan Information Center**

**Internet Adresse: http://www.ccs.uky.cdu/~rakhim/etic.html**

**E-mail Adresse: 0899046155-0001@t-online.de**

---

**Tel: 0049/89/904 53 40 Fax- Modem : 0049/89/904 61 55.**

# دۇنيا ئۇيغۇر ئاخبارات تورى

1996 . 5 - ئىيول شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى گېزىتىنىڭ خەۋىرى ( No: 22 )

خىتاي رەئىسى جاڭزېمىن شۇ يىل 7 - ئاينىڭ بىرىدىن 7 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە ئوتتۇرا ئاسىيە جۇمھۇرىيەتلىرىدىن ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، قازاقىستانلاردا دۆلەت زىيارىتى ئاتالمىشى بىلەن بولۇپ قايتتى. ئۇ زىيارىتىدە مەزكۇر دۆلەتلەر بىلەن ئىككى مەسىلە ئۈستىدە سۆھبەت ئېلىپ باردى. بىرسى ئۆز - ئارا دىپلوماتىيەلىك مۇناسىۋەتلەر بولۇپ، بۇ سۆھبەتلەر ئۈستىدە ئىككى تەرەپلىمەلەپ ئۇنلىغان توختامغا قول قويۇشتى.

2 - مەسىلە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى بولۇپ، بۇنىڭدىن بىزگە ئىككى خىل پازىتسىيە مەلۇم بولدى. بىرىنچىسى جاڭ ئۆزبېكىستان بىلەن قىرغىزىستان رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەتلەشكەندە ئۇلارغا شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قارشى تازىلاشلىرىنى چۈشەندۈرگەن. جاناپ ئىسلام كەرىموپ بىلەن ئەسقەر ئاقايىپلار ئۇ تازىلاشلارنى قوللىغان. جاڭ ئۇلارغا تەشەككۈر بىلدۈرگەن. جاڭنىڭ قازاقىستان رەئىس جۇمھۇرى نۇرسۇلتان نەزەربايېۋ بىلەن قىلغان سۆھبىتىدىن كېيىن، ئىككى توختامغا ئىمزا قىلىندى.

بىرىنچىسى: شەرقىي تۈركىستان بىلەن قازاقىستاندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قارشى بىرلىكتە كۈرەش قىلىش. قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقانداق مىللىي بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتلىرىغا يول قويماسلىق.

ئىككىنچىسى: خىتاينىڭ 45 - قېتىملىق ئاتوم سىنىقىغا قازاقىستان رازى بولۇپ، بۇ ھەقتىكى كېچىك ھۆججەتكە قول قويدى.


**شەرقىي تۈركىستان ئالاقە - ئۇچۇر مەركىزى**

**Eastern Turkistan Information Center**

**Internet Adresse: http://www.ccs.uky.edu/~rakhim/etic.html**

**E-mail Adresse: 0899046155-0001@t-online.de**

---

**Tel: 0049/89/904 53 40 Fax- Modem : 0049/89/904 61 55.**

# دۇنيا ئۇيغۇر ئاخبارات تورى

1996 . 5 ـ ئىيول ئىستانبۇل ئاگېنتىمىز مەھمۇت پىدائى خەۋىرى ( No: 21 )

## ئىستانبۇلدا شەرقىي تۈركىستانلىقلار بىر سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى.

1996 . 29 ـ ئىيول كۈنى ئىستانبۇل شەھرى مەدەنىيەت مەركىزىدە شەرقىي تۈركىستانلىقلار بىر سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى.

ئالدى بىلەن بۇ يىغىندا شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن شەھىدلەرگە قۇرئان كەرىم ئوقۇپ دۇئا قىلىندى.

يىغىندا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان « قاتتىق زەربىبېرىش » ھەركىتىگە قارشى قاتتىق نارازىلىق پروتوستو قىلىندى.

يىغىنغا مېھمان سۈپىتىدە سەئۇدى ئەرەبىستان ئىستانبۇل باش كۇنسۇلى دوكتور ئەلى مۇھەممەد سەيىدۇلغامدى، تۈركىيە گېزىتى ۋە ئىخلاس ھولدىڭ باش مەسلىھەتچىسى پروفېسسور دوكتور نەبزات يالچىن تاش، شەرقىي تۈركىستان ۋەخپىنىڭ باشلىقى گېنېرال مۇھەممەد رىزا بېكىن، شەرقىي تۈركىستان كۆچمەنلەر جەمئىيىتىدىن جەمئىيەت باشلىقى ئابدۇۋەلى خان، خىزىربەك غەيرەتۇللاھ، ئىسمائىل چىڭگىز، ھامىد كۆكتۈرۈك قاتارلىقلار ۋە ئىستانبۇلدا ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىق ھەمشەھرىلەردىن يۈزدىن ئوشۇق ئادەم قاتناشتى.

يىغىننىڭ ساھىبخانلىقىنى مۇھەممەد ئىسا ئارتىش ۋە ئاي مۇھەممەد ھاجىم قىلدى.

**شەرقىي تۈركىستان ئالاقە ـ ئۇچۇر مەركىزى**

**Eastern Turkistan Information Center**

**Internet Adresse: http://www.ccs.uky.edu/~rakhim/etic.html**

**E-mail Adresse: 0899046155-0001@t-online.**

## دۇنيا ئۇيغۇر ئاخبارات تورى

( No: 20 ) 1996 . 3 ـ ئىيول بىشكەك ئاگېنتىمىز رابىيە ياقۇپنىڭ ئانا ۋەتەندىن ئالغان خېتى

## خىتايلارنىڭ چېكىدىن ئاشقان زوراۋانلىقى

1996 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىگىچە، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى مەكتىۋى يېنىدىكى 84 ئائىلىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇراق ـ ئۆي جايلىرى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن پۈتۈنلەي بۇزۇپ تاشلاندى. ئەسلىدە: ئۇيغۇرلار يەرھەققىي تۆلەپ سېتىۋېلىپ، ئۆي سېلىپ ماكانلاشقان يەر ئىدى. لېكىن خىتاي ھۆكۈمرانلىرى ئۇيغۇر خەلقىگە زۇلۇم سېلىش ۋە قەستەن ۋەقە چىقىرىپ ئامىمنى باستۇرۇش ئۈچۈن « قانۇنسىز يەر ئىگەللىۋالغان » دەپ ئۆيلەرنى چېقىشقا بۇيرۇق چىقىرىپ، 15 ـ ماي ئەتىگەن سائەت 4 دە ئۆي چېقىش ئەترىتىنى ئەۋەتكەن. ئۇلار تاراكتور، كىرانلار بىلەن باستۇرۇپ كېلىپ، كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى چېقىشقا كىرىشكەن. ھەر بىر ئائىلىگە بەش نەپەردىن قوراللىق ساقچى نارازىلىق قىلغانلارنى باشتۇرۇشقا تەييار ھالەتتە تۇرغان. قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەرنى ھەرخىل چارىلار بىلەن باستۇرۇش، قولغا ئېلىش ھوقۇقىنى ساقچىلارغا بەرگەن. مانا بۇ سەۋەپتىن ئۆيلىرىدىن ئايرىلغان ئۇيغۇر ئائىلىلىرى ھۆكۈمەتكە كۆپلىگەن ئەرىز قىلغان بولسىمۇ، ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن. بۇنىڭدىن ئىقتىسادىي زەزەر كۆرگەن ئائىلىلەرنىڭ زېمىنىنىڭ ئومۇمى قىممىتى ئەڭ تۆۋەن دېگەندە 1000 دوللار، يۇقىرىسى بىرقانچە مىڭ دوللار بولۇپ، ھۆكۈمەت بۇ ئائىلىلەرنىڭ ھېچبىر زېمىنىنى تۆلىمىگەن . ئېچىنارلىق يېرى شۇكى، ئىشكىردىن ئېقىپ چىققان يۈز مىڭلارچە خىتاي كۆچمەنلەرنى ئۈرۈمچى شەھەرلىرىنىڭ ئەتراپىغا ئۆي سېلىپ ماكانلاشماقتا .

مەسىلەن: ياڭمۇسەن تېغىدىلا قانچىلىك كۆچمەن خىتاي ئاھالىسى ئۆي سېلىپ ماكانلاشتى، ساچىلار ئۇلارنى تەكشۈرمەيدۇ . ئۇلارنىڭ ئولتۇرغان يەرلىرى قانۇنلۇق ئىمىش.

مانا بۇ خىتاي ھۆكىمىتىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە قىلىۋاتقان تەڭسىزلىك سىياستى ۋە ئۇيغۇرلارنى ئۆز يۇرتلىرىدا يېتىم قالدۇرۇشتەك سۇيىقەستلىك بىر سىياسەتدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

شەرقىي تۈركىستان ئالاقە ـ ئۇچۇر مەركىزى
**Eastern Turkistan Information Center**
**Internet Adresse: http://www.ccs.uky.edu/~rakhim/etic.html**
**E-mail Adresse: 0899046155-0001@t-online.de**

**Tel: 0049/89/904 53 40 Fax- Modem : 0049/89/904 61 55.**

# دۇنيا ئۇيغۇر ئاخبارات تورى

1996 . 1 - ئىيول ئالما - ئاتا شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى گېزىتىنىڭ خەۋىرى ( No: 18 )

## ئازات شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىي جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي قەھرىمانى، بىزنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك مەرت زاماندىشىمىز غېنى باتۇر ۋاپاتىنىڭ 15 يىللىق مەركىسى چوڭ تەنتەنە ئىچىدە ئۆتتى.

ھەممىگە مەلۇم، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان تارىخىدا، دۈشمىنىمىز خىتاي باسقۇنچىلىرىغا قارشى 402 - قېتىملىق ئىنقىلاپ بولۇپ ئۆتۈلگەن 1944 - 1949 - يىللىقى ئىنقىلابىنى، شۇ ئىنقىلابنىڭ مىللىي قەھرىمانى غېنى باتۇر باشلىغان ئىدى. بۇ ئىنقىلابنىڭ مېۋىلىرى سەۋەت - خىتاي ئىككى ئىمپېرىيەنىڭ 1950 - يىلى 14 - فېۋرال موسكۋادا ئۆتكۈزگەن كېلىشىمى بويىچە بەربات بولغاندىن كېيىن، غېنى باتۇر ئۆز قېرىندىشى قازاقىستان دىيارىدىن باش پانا تىلەپ چىققان ئىدى. قېرىنداش قازاق خەلقى بىزنىڭ باتۇرىمىزنى ئىسسىق باغرىغا ئېلىپ، ئالما ئاتا - چېلەك يولىدىكى « قىرىق يىللىق قازاقىستان » ناملىق سافخوزنىڭ ئۇيغۇر مەھەللىسىگە تۇرات ئېغىز زامانىۋى ئۆي سېلىپ بەرگەن ئىدى. باتۇرنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە شۇ ئۆيدە ياشاپ 1981 يىلى 28 ئىيۇن كۈنى 89 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئالمۇتىدىكى ئۇيغۇر جاماجەتچىلىكى ( بولۇپمۇ ئۇنىڭ سەپداشلىرى ) مەرھۇمنىڭ نامىنى مەڭگۈ خاتىرىدە ساقلاش نىيىتىدە قەۋرىسى بېشىغا ھەيكىلىنى ئورنىتىپ، ھەر يىلى دىگۈدەك ئۇنىڭ بۇ قۇتلۇق مازارى بېشىدا كىچىك - كىچىك مۇراسىملار ئۆتكۈزۈپ كەلگەن ئىدى.

بۇ يىل يەنى 29 - ئىيون ئۇنىڭ مازارى بېشىدا 15 يىللىق خاتىرە سۈپىتىدە ئۆتكۈزۈلگەن مۇراسىم ناھايىتى چوڭ تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە مۇراسىم بولدى. بۇ مۇراسىمنى شەرقى تۈركىستان ئىنقىلابىي مىللىي بىرلىك سېپى بىلەن قازاقىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىتتىپاقي بىرلىشىپ پىلانلىغان ئىدى. مۇراسىمغا قازاقىستاننىڭ ھەممە ئۇيغۇر رايونلىرىدىن ۋەكىللەر كەلدى. ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن ئۆزبەكىستاندىكى ئۇيغۇر جەمئىيەتلىرى نامىدىن دوختۇر شامىل ھاجى ئالماسبېكوۋ، تارىخ پەنلىرىنىڭ نامزاتى ئېرپان توختى قاتارلىق تۆرت ۋەكىل كەلدى. قىرغىزىستاندىن ش ت ئى م ب رەھبىرى ئابدۇلكېرىم ھاجىيۇپ باشچىلىقىدا ئۈچ كىشى قاتناشتى. مېھمان سۈپىتىدە قازاقىستان « ئاتتان » شتابىنىڭ رەئىسى ئامانتاي ھاجى قاتناشتى. ئومۇمەن مۇراسىمغا 300 گە يېقىن ئۇيغۇرلار قاتناشتى.

مۇراسىمنى ش ت ئى م ب دىنىي تەشۋىقات رەھبىرى ئىمام ھاجى ئابدۇررازاق جانابلىرى باشقۇردى. مۇراسىم قۇرئان كەرىم بىلەن باشلىنىپ مەرھۇمنىڭ روھىغا دۇئا قىلىندى ۋە ئۇنىڭ ئىنقىلابىي قەھرىمانلىق ئىش - ئىزلىرىغا باھا بېرىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن سۆزگە چىققان ش ت ئى م ب رەئىسى مۇخلىسى مۇنۇ ئۈچ نوختىدا توختالدى.

1 ) غېنى باتۇرنىڭ ئۇنتۇلغۇسىز ئۈچ خوسۇسىيىتىنى شەرھلىدى.

2 ) ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندىكى ھازىرقى خىتاي پاجىئەلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قارشى داۋام قىلىۋاتقان قوراللىق كۈرەشلەر ھەققىدە ئورغۇن جانلىق دەلىللەر كەلتۈردى.

3 ) بىز ئوتتۇرا ئاسىيە ئۇيغۇرلىرى ئۈستىدىكى شەرەپلىك ۋەزىپىلەرنى كۆرسىتىپ، پۈتۈن تەشكىلاتلارنىڭ قەتئى بىرلىشىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تەرتىپ بويىچە سۆزگە چىققان ئىتتىپاق

ۋەكىلى ئەھمەت، تاشكەنت ۋەكىلى شامىل ھاجى، بىشكەك ۋەكىلى ئا. جېيىزپلار غېنى باتۇرغا مەدھىيە ۋە ئانا ۋەتىنىمىزنىڭ بۆگۈنكى دەردى ئۈستىدە پىكىر بايان قىلىشتى. غېنى باتۇرنىڭ زامانىدىشى شائىر ئىبراھىم بارات، غېنى باتۇر قەۋرىسى بېشىدا « سەرلەۋھىلىك مەرسىيەسى » نى ئوقۇدى. مۇراسىم ئاخىرىدا پۈتۈن ۋەتەنداشلىرىمىزغا چوڭ سىياسىي مۇراجىئات قوبۇل قىلىندى ۋە بۇ مۇراسىمنىڭ ياخشى ئۆتۈشى ئۈچۈن 30 مىڭ تەڭگە ئىئانە قىلغان ھىممەتلىك تىجارەتچىلىرىمىزدىن دىلشات ئۆزتۈرك بىلەن كاۋاپچى زۇنۇن؛ جالالىددىنلەرگە بۇ يىغىننىڭ ئۆتكۈزۈلۈشىگە قىلغان ماددىي ياردەملىرى ئۈچۈن تەشەككۈرلەر ئىزھار قىلىندى.

مۇراسىم كەچ سائەت 16 دە ئاياقلاشتى. مۇراسىمغا قاتناشقان پۈتۈن جامائەت بۈيۈك سەركەردە غېنى باتۇر مازارى بېشىغا توپلاندى. باتۇرنىڭ سەپدىشى توختى پالكاۋنىڭ مەرھۇمنىڭ روھىغا قۇرئان ئوقۇدى. بۇ مەنزىرىنىڭ خاتىرە سۈرىتى ئېلىنغاندىن كېيىن، مۇراسىم ئەھلى ئۇلۇغ ئاللاھ' دىن ۋەتەنگە ئازادلىق تىلىگەن پاك ھەم قەتئىي نىيەتلىرى بىلەن قايتىشتى.

**قىسقا خەۋەرلەر**

1996 - يىلى 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى بىرلا كۈندە

1 ) ئاۋۇستىرالىيەدە خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى سىياسىتىگە قارشى چوڭ نامايىش بولدى.

2 ) ئالما ئاتىدا شەرقىي تۈركىستان مىللىي قەھرىمانى غېنى باتۇرغا 15 يىللىق مۇراسىم ئۆتكۈزۈلدى.

3 ) شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەكلىماكان رايونىدا شەرقىي تۈركىستان مىللىي پىدائىيلىرى بىلەن خىتاي ئەسكەرلىرى ئوتتۇرىسىدا خېلى چوڭ بىر جەڭ بولۇپ، خىتايلار مەغلۇپ بولغان.

4 ) 1996 بىرىنچى ئىيول كۈنى ئالما ئاتا شەھرىدە خىتاي رەھبىرى جاڭ نىڭ كېلىشى ئالدىدا ئانا ۋەتەندىكى خىتاينىڭ خەلقىمىزگە يۈرگۈزۈۋاتقان پاجىئەلىك سىياسىتىگە ۋە خىتاينىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى 45 - قېتىملىق ئاتوم سىنىقىنى قەتئىي توختىتىشى توغرىسىدا بىر پروتېستو نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزۈلدى.

**شەرقىي تۈركىستان ئالاقە - ئۇچۇر مەركىزى**

**Eastern Turkistan Information Center**

**E-mail Adresse:**
**0899046155-0001@t-online.de**

**Tel: 0049/89/904 53 40 Fax- Modem : 0049/89/904 61 55.**

# دۇنيا ئۇيغۇر ئاخبارات تورى

1996 . 29 - ئىيۇن شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى گېزىتىنىڭ خەۋىرى ( No: 17 )

ئۈرۈمچى رادىئوسىنىڭ 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنىكى ئەتىگەنلىك خەۋىرى.

بۇ يىل ئىشكىر ئۆلكىلەردە ئالىي ھەربىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن پۈتۈن ھەربىي ئالىي مەكتەپ ستۇدېنتلىرى، چىگرا رايونلىرىغا يەنى شىنجاڭغا چىقىپ ئىشلەيمىز دەپ ئەرز بەرگەن. بۇنىڭدىن بۇرۇن باشقا ساھەلەردىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن 40 مىڭدىن ئوشۇق ستودېنتلار شىنجاڭغا چىقىشقا ئەرز بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئالدى چىقىپ ھازىر ئورۇنلىشىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى ئۆتكەن ھەربىي سەپتىن بوشىغان 800 دىن ئوشۇق كىشى شىنجاڭغا چىققان. ئۇلارنىڭ ئائىلىلىرىگە خىزمەت ۋە بالىلىرىنى مەكتەپلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھۆكۈمەت بۇ خىزمەتنى تەخىرسىز ئورۇنلاشقا ھەرقاسى جايلارغا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستانى خىتايلاشتۇرۇش ئۈچۈن بۇ يىل ئەرتىيازدىن بېرى كۈچەپ ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتقان بىر سىياسىتى، ئىشكىر ئۆلكىلەردىكى كونا زاۋۇت پابرىكىلارنى پۈتۈن ئۈسكىنە ۋە ئىشچىلىرى بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈرۈپ چىقىش سىياستى بولۇپ، يېقىندا شاڭخەيدىكى 30 مىڭ يىپلىك بىر توقۇما پابرىكىسىنى كۆچۈرۈپ ئەچىقتى. ۋەتەن ئۇشقۇنى شتابىنىڭ بۇخۇسۇستىكى مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئىشكىر ئۆلكىلەردىن 200 كارخانىنى يۇقىردا ئېيتقىنىمىزدەك پۈتۈن ئۈسكۈنىلىرى ۋە ئىشچىلىرى بىلەن بىرگە شەرقىي تۈركىستانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا يۆتكەپ چىقىپ يەرلەشتۈرۈشكە ھەركەت قىلماقتا.

2 - ئاتوم سىناقلىرىنىڭ تەسىرىدىن ھازىر ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا بولۇپمۇ دېخانچىلىق رايونلىرىدا سۇ مەسىلىسىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولۇۋاتقانلىقىنى بۇرۇن خەۋەر قىلغان ئىدۇق. بۇلتۇردىن بۇيان بەش مىليون ئۇيغۇر دېخانلىرى ياشاپ كېلىۋاتقان تارىم بويلىرىدا، 40 مىڭ قۇدۇق كولۇنۇپ دېخانلار ئۇنىڭدىن سۇ ئىچىۋاتاتتى. ئەمما ئۇ سۇلارنىڭ كۆپى شور بولۇشى، تازا مولماسلىقى سەۋەبىدىن ناھايىتى ئېغىر ئاغرىقلار پەيدا بولغان. شۇ سەۋەبىدىن 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئۈرۈمچە رادىئوسىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، بۇ قۇدۇقلاردىكى سۇلاردىن پايدىلىنىش مۇمكىن بولمايۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئەمدى تاغلارنىڭ چەۋرىسىدىكى بۇلاقلاردىن تۇرۇبىلار ئارقىلىق سۇ ئەكىلىمىز دەپ ھازىر ھەركەت باشلىغان لېكىن، بىر يېزىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن 100 مىڭ يۈەندىن ئوشۇق پۇل كېتىدىكەن ۋە مىڭلىغان ئادەم كۈچى سەرپ قىلىنىدىكەن. ۋاقىت ئېتىبارىدىن قارىغاندا بىر يېزىنىڭ سۇ ئىشلىرى ئۈچۈن بىر ئاي يەتمەيدىكەن. بۇ دېخانلارغا بولۇۋاتقان ئاجايىپ بىر زۇلۇم ۋە جاپا - مۇشەققەت.

3 - ۋەتەن ئۇشقۇنى شتابىنىڭ خەۋىرى:

خىتاي قاتىللىرىنىڭ شۇ يىل 4 - ئاينىڭ بېرى باشلىغان 100 كۈنلۈك ، قاتتىق زەربە بېرىش ، ھەركىتىگە قارشى، مىللىي ۋەتەنپەرۋەرلىرىمىز باشلىغان قوراللىق كۆرەشلەرنىڭ سانى 700 قېتىمدىن ئېشىپ كەتكەن. يالغۇز ئۈرۈمچىنىڭ ئۆزىدە ئۆتكەن ئىككى ئاي ئىچىدە 200 قېتىمدىن ئوشۇقراق قوراللىق توقۇنۇشلار بولغان.

**شەرقىي تۈركىستان ئالاقە - ئۇچۇر مەركىزى**

**Eastern Turkistan Information Center**

**Internet Adresse: http://www.ccs.uky.edu/~rakhim/etic.html**

**E-mail Adresse: 0899046155-0001@t-online.de**

**Tel: 0049/89/904 53 40 Fax- Modem : 0049/89/904 61 55.**

# دۇنيا ئۇيغۇر ئاخبارات تورى

1996 . 25 - ئىيون ئالما - ئاتا شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى گېزىتىدىن تېلېفون گىراپ ئارقىلىق ئالغان خەۋەرلەر ( No:15 )

## شىنجاڭ ۋە بېيجىڭ مەركىزىي رادىئو ئىستانسىنىڭ ئانا ۋەتىنىمىز ھەققىدىكى يېڭى خەۋەرلىرى

بېيجىڭ رادىئوسىنىڭ 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىكى خەۋىرى. بۇ رادىئو 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئاقسۇدا ئېتىلغان ئۇيغۇر مەھبۇسلىرى مەجىت ۋارىس، روزى گايىتلار ھەققىدە خەۋەر بېرىپ كېلىپ، شىنجاڭ بويىچە 91 كىشىنىڭ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. شۇ كۈنىگىچە خىتاي جاللاتلىرى تەرىپىدىن نەخ مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ سانى 20 دىن ئېشىپ كەتكەن ئىدى. دېمەك مۇشۇ بىر ئىككى ئاي ئىچىدە ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن ئۇيغۇر ۋەتەنپەرۋەرلىرىنىڭ سانى 115 كىشىدىن ئېشىپ كەتتى.

ئۈرۈمچى رادىئوسىنىڭ 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىكى خەۋىرى.

ھازىر شىنجاڭ بويىچە كومپارتىيىگە ئەزا بولۇپ كىرگەن ھەربىر ئۇيغۇرغا بىرىنچى شەرت قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ مەجبۇرىي تۇغۇت چەكلەش سىياسىتىگە سادىق بولۇپ ئۆزىنىڭ پەرزەنت كۆرمەسلىكى قاماس قىلىنغان. بۇنىڭدىن بۇرۇن تۇرپان، توقسۇن، قەشقەرلەردە ئەللىككە يېقىن مىللىي كوممۇنىستلار، ھۆكۈمەتنىڭ بۇ سىياسىتىگە ئارلا بىر ئارارىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلانغان ھەم پارتىيە ئەزالىقىدىن چىقىرىۋېتىلگەن.

بېيجىڭ رادىئوسىنىڭ 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىكى خەۋىرى.

بۇ يىل شىنجاڭ بويىچە چارۋا رايونلىرىدا مېشىنىڭ ماتىتىق بولىشى، تەبئىي ئاپەتلەرنىڭ قاتتىق بولىشىغا قارىماي، ئۇششاق مالدىن 3 مىليون تول ئېلىنىدى دېيىلدى. ئاتوم سىنىقىدىن بۇرۇن شەرقىي تۈركىستاندا ھەر يىلى 6 ، 7 مىليون تول ئېلىناتتى. 1901 - يىلقى بىر مەلۇماتتا: شەرقىي تۈركىستاندا 50 مىليون چارۋا ئۆسكەن. ھازىر بولسا 25 مىليون.

ئۈرۈمچى رادىئوسىنىڭ 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىكى خەۋىرى:

بۇ يىل تەبئىي ئاپەتلەرنىڭ كۆپ ۋە قاتتىق بولۇشى سەۋەبىدىن شىنجاڭ بويىچە تۆت يېرىم مىليون ئاشلىق ئېلىنىشى مۆلچەرلەنمەكتە دېيىلدى. ئەسلىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاشلىق مەيدانلىرىدىن 10 مىليون توننا ئاشلىق ئېلىنىدۇ. 1980 - يىللىرى ھەم 6 ، 7 مىليون توننا ئاشلىق ئېلىنىپ كەلگەن ئىدى. دېمەك دەھشەتلىك ئاتوم سىناقلىرى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ كەلگۈسى تەبىئىتىگە ناھايىتى دەھشەتلىك تەبئىي ئاپەتلەرنى كەلتۈرمەكتە. ھازىر ۋەتىنىمىز بويىچە 26 مىليون مو تېرىلغۇ يەرلىرىنى قۇم بېسىپ كەتكەن.

**شەرقىي تۈركىستان ئالاقە - ئۇچۇر مەركىزى**

**Eastern Turkistan Information Center**
**E-mail Adresse:**
**0899046159-0001@t-online.de**

**Tel: 0049/89/904 53 40 Fax- Modem : 0049/89/904 61 55.**

# دۇنيا ئۇيغۇر ئاخبارات تورى

1996 . 23 - ئىيون ئالما - ئاتا شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى گېزىتىنىڭ خەۋىرى ( No: 14 )

## خىتاي قاتىللىرىنىڭ ۋەتىنىمىزدىكى « قاتتىق زەربە بېرىش » دېگەن مىللىي تازىلاش ھەركىتى ناھايىتى قاتتىق داۋام قىلماقتا. بۇنى ئۈرۈمچى رادىئوسىنىڭ تۆۋەندىكى خەۋەرلىرى ئەستىقلايدۇ.

ئۈرۈمچى رادىئوسىنىڭ 20 - 21 - ئىيون خەۋىرى. ۋەتەن ئۇچقۇنى خىتابىنىڭ خەۋىرى.

ئۈرۈمچى رادىئوسىنىڭ 21 - ئىيون ئەتتىگەنلىك خەۋىرىدە: 9 - ئىيولدىن 20 - ئىيونغىچە ئۈرۈمچىنىڭ قەشقەر بېجىنىڭ تاش يوللىرى بىلەن پويىز ئىستانسىلىرىدا ئۈستى - ئۈستىگە ۋەقەلەر يۈز بېرىپ، قاتناش بۇزۇلغان. بۇ ھادىسىلەرنى تەرتىپكە چۈشۈرۈش ئۈچۈن بۇ جايلاردىكى ساقچىلاردىن تاشقىرى ئىشلەپ چىقىرىش ئارمىيىسى يەنى « بىڭ تۇەن » دېگەندىن 25 گۇرۇپپا ئۇيۇشتۇرۇلۇپ ئۇلارنىڭ كۈچى بىلەن 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن باشلاپ قاتناش يولغا قويۇلدى دەپ خەۋەر قىلىندى. 18 - ئىيون تاڭسەھەردە يەنى پۈتۈن ئۈرۈمچىدىكى 10 000 دىن ئوشۇق ھەربىي ۋە ساقچىلار سەپەرۋەر بولۇپ، ئۈرۈمچى شەھرىدىكى گۇماللىق مۇسۇلمان ئائىلەلەرنى ئاختۇرۇپ چىققان. نەتىجىدە 300 گە يېقىن چوڭ كىچىك جىنايەتچىلەرنى تۇتتۇق دەپ خەۋەر قىلدى.

ۋەتەن ئۇچقۇن شىتابىنىڭ بىلدۈرىشىچە بۇ تەكشۈرۈش تۆرتىنچى قېتىملىق قاتتىق تەكشۈرۈش بولۇپ، بۇنىڭدىن بۇرۇنقى 3 - قېتىملىق تەكشۈرۈشتە 1200 كىشىنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقى مەلۇم.

ئۈرۈمچى رادىئوسىنىڭ 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىكى خەۋىرىدە بۇ قاتتىق تەكشۈرۈش ئىشلىرىغا سەپەرۋەر قىلىنغان خىتاي ھەربىيلىرىدىن كەڭ - كۆلەمدە ھال سوراشقا باشلىغان. بۇنىڭ ئۈچۈن خىتايلار يەنە شۇ مىللىيلەردىن ئاساسەن ئىقتىسادىي ياردەم توپلىغان.

ۋەتەن ئۇشقۇنى شىتابىنىڭ خەۋىرى. قەشقەر بويىچە ئۆتكەن يىل قولغا ئېلىنغان 400 مىڭغا يېقىن تالىپلارنىڭكى بىر سىمۇ بۇ ئەترابتىكى تۈرمە لاگېرلاردىن تېپىلمىغان. بۇ ھالنى قاتتىق تەكشۈرگەن كۆيلىگەن ئاتا ئانىلا، ئۆز باللىرىنىڭ ھازىر قايەردە ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ چېگىرخەيدىكى بىر تۈرمە لاگېرىدا ياتقانلىقىنى بىلگەن. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ۋەتەن ئۇشقۇن شىتابىنىڭ خادىملىرى تەكشۈرۈپ، چېگىرخەيدىكى 20 000 مىڭ كىشىلىك خىتاي مەھبۇزلىرى ياتقان بىرلاگېرنى شەرقىي تۈركىستانغا يۆتكەپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا شەرقىي تۈركىستاندىكى بۇ قېتىم تۇتۇلغان يېڭى مەھبۇزلارنى ئاپىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇشنى باشلىغان.

## ئارتۇش رايونىدا تەبىئىي ئاپەت بولدى

6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئۈرۈمچى رادىئوسىنىڭ خەۋىرى:

قەشقەرنىڭ ئارتۇش ناھىيىسىدە 6 - ئاينىڭ 18 - 19 - كۈنلىرى توختىماي قاتتىق يامغۇر ياققان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئەترابتىكى پۈتۈن تاغلاردىكى سەل - سۇلىرى كېلىپ، بىرنەچچە سۇ ئامبارلىرى ۋە شەھەر رايونلىرى ناھايىتى چوڭ سۇ ئاپەتلىرىگە ئۇچرىغان. بۇ ئاپەتنىڭ ھازىرغىچە ئالدى ئېلىنغانلىقى مەلۇم ئەمەس. ئاپەتكە ئۇچرىغان بۇ رايونلارنىڭ تارتقان زىيىنى ھەققىدە خىتاي ھۆكۈمىتى تا ھازىرغىچە ئۇچۇق مەلۇمات بەرمىگەن.

**شەرقىي تۈركىستان ئالاقە - ئۇچۇر مەركىزى**

**Eastern Turkistan Information Center**

**E-mail Adresse:**
**0899046155-0001@t-online.de**

## دۇنيا ئۇيغۇر ئاخبارات تورى

1996 . 21 ـ ماي ئاۋۇستراليە ئاگېنتمىز ئۇيغۇر قىزىنىڭ خەۋىرى ( No: 13 )

## شەرقىي تۈركىستاندا چوڭ قوزغىلاڭ يۈزبەردى.

1996 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئاۋۇستراليە سىدنىيدە چىقىدىغان ( The United Chinese Times ) خىتايچە گېزىتىنىڭ خەۋىرى.

4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدىن 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرغىچە شەرقىي تۈركىستاننىڭ 15 ۋىلايىتىدە 45 قېتىم كۆلىمى ئوخشاش بولمىغان توپىلاڭ بولغان. بۇنىڭغا 000، 65 دىن ئوشۇقراق ئادەم قاتناشقان بولۇپ؛ 1000 غا يېقىن ئادەم يارادار بولغان ۋە بەزىلىرى ئۆلگەن. خىتاي كومۇنىستلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى توپىلاڭ بولغان بۇ رايونلارغا، ئىشكىر ئۆلكىدىن ناھايىتى كۆپ ساندا ئەسكەر يۆتكەپ چىقىپ، بۇ توپىلاڭنى باستۇرۇش ئېلىپ بارغان.

5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىكى خىتاي مەركىزىي كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدىن 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 15 ۋىلايىتىدە 45 قېتىم كۆلىمى ئوخشاش بولمىغان توپىلاڭنىڭ يۈزبەرگەنلىكىنى، بۇ توپىلاڭغا 000 ، 65 ئادەم قاتناشقانلىقىنى بىلدۈرگەن.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىكى دوكلاتىدا، 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن بۇيان شىنجاڭ رايونىدا، 30 دىن ئوشۇق ھۆكۈمەت ۋە ئارمىيە ئورگانلىرى؛ مىللىي بۆلگۈنچى تەشكىلاتلارنىڭ قوراللىق ھۇجۇمىغا ئۇچۇراپ، 40 دىن ئارتۇقراق ھۆكۈمەت بىناسى زىيانغا ئۇچرىغان.

1996 . 28 ـ ئىيون كۈنى مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت، لەنجۇ ھەربىي رايونى ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ شىنجاڭدىكى توپىلاڭنى باستۇرۇش ھەققىدىكى دوكلاتىنى قايتا تاقاتقان. دوكلاتتا: 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىن بۇيان شىنجاڭ رايونىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، 17 قېتىم قوراللىق توپىلاڭ يۈزبەرگەن. ھۆكۈمەت بىنالىرى ۋە ئاممىۋى ئورۇنلاردا 48 قېتىم بومبا پارتىلاش يۈزبەرگەن. 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدىن بۇيان 430 دىن ئوشۇق پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ۋە قوراللىق ساقچى قىسىملىرى ئېغىر يارادار بولغان ۋە بەزىلىرى ئۆلگەن. 630 دىن ئوشۇق مىللىي بۆلگۈنچى دۈشمەن ئۇنسۇرلار ھالاك بولدى دېيىلگەن

خەۋەرلەرگە قارىغاندا شىنجاڭدا بولغان بۇقېتىمقى قوراللىق قوزغىلاڭ، يەرلىك ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خىتاي كادىرلىرىنىڭ ھەممە موھىم ئورگانلارنى ئۆز تىزگىنى ئاستىغا ئېلىۋالغانلىقىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، خىتاي كادىرلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلىپ، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشنى ئېلان قىلغان.

توپىلاڭ مەزگىلىدە، توسىن جاباۋ، لىبوچىڭ سوك، كەي فۇنىڭ قاتارلىقلار ئىلگىرى كېيىن بولۇپ « توپىلاڭ » رايونلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، بۇ توپىلاڭنى قەتئى ئۇزۇل ـ كېسىل باستۇرۇشنى تەكىتلىگەن.

قىسمەن رايونلارنىڭ كونكرېت ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئىلى ۋىلايىتىدە قوراللىق زوراۋان كۈچلەر پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى ۋەيران قىلىپ، قوراللىق ساقچى قىسىم ۋە ھەربىي قىسىملار بىلەن توقۇنۇش پەيدا قىلىپ 250 دىن ئوشۇق كىشى ئۆلگەن ۋە يارىدار بولغان. مىللىي بۆلگۈنچىلەردىن 700 دىن ئوشۇق كىشىنى قولغا ئالغان. 800 دانىدىن ئوشۇق مىلتىق، 50 مىڭ دانىدىن ئوشۇقراق ئوق. 500 كىلو پارتلاش دورىسى، 200 دانە كاپسۇل 4 دانە پىلىمۇت، ۋاقىتا چۈشۈرۈۋالغەن ت.اي ھەربىي رايونىنىڭ ...لك يىزۋەنى گىنىرال مايىر ۋاڭ يۈك توقۇنۇشتا ئوق تېگىپ داۋالىنىش ئۈنۈم بەرمەي ئۆلگەن. 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى بۆرتالا ۋىلايىتىدە 600 يۈزدىن ئوشۇق كىشى بۆ توپىلاڭغا قاتنىشىپ، ئەرسىيە قوراللىق قىسىم بىلەن ھۆكۈمەت بىناسىدا جەڭ قىلغان. نەتىجىدە 80 دىن ئوشۇق ماشىنا كۆيدۈرۈلۈپ، 70 دىن ئوشۇق ئادەم ئۆلگەن ۋە يارىدار بولغان. 5 ـ 16 ـ كۈنى ئاقسۇ، تولى، كۈيتۈڭ، رايونلىرىدا قوراللىق 2500 ئادەم پارتىيە ھۆكۈمەت، جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىلىرىغا ھۇجۇم قىلغان بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھەربىي قىسىملار ئېغىر قوراللارنى ئىشقا سېلىپ بۆ ھەركەتنى باستۇرغان. 180 دىن ئوشۇق ئادەم ئۆلگەن ۋە يارىدار بولغان. ھۆكۈمەت قىسىملىرىدىن 6 ئادەم يارىدار بولغان، 31 ئادەم ئۆلگەن.

5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئاتۇشتا 300 ئادەم قوراللىق ھۆكۈمەت بىناسىنى ئىگەللەپ ـ پىلىمۇت قۇرۇپ ھۆكۈمەت ئارمىيىسى بىلەن 10 سائەت ئېتىشقان. ھۆكۈمەت ئارمىيىلىرى ئىك ئۈچار بىلەن بومبىلاپ 80 دىن ئوشۇق ئادەم ئۆلگەن....

شەرقىي تۈركىستاندىكى بۆ قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ كۆلىمى ئىنتايىن چوڭ. كېلىشى تېز، ھەيۋىسى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، مەملىكەت قۇرۇلغاندىن بېرى كۆرۈلۈپ باقمىغان. شەرقىي تۈركىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۇستەقىللىق ھەركىتى بۈگۈن ياكى تۈنۈگۈن پەيدا بولغان ئىش ئەمەس. نۆۋەتتىكى قوراللىق قوزغىلاڭ ئېيتىشلارغا قارىغاندا قازاقىستاندىكى « شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلاۋي مىللىي بىرلىك سەپ » تەرىپىدىن پىلانلانغان.

ئۆتكەن يىلى لى پېڭ قازاقىستاندىكى زىيارىتىدە قازاقلار، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر بۆلگۈنچىلەرنىڭ مەزكۇر دۆلەتتە ھەركەت قىلىشىنى چەكلەشكە ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن نۆۋەتتىكى بۆ كەڭ كۆلەملىك قوراللىق توپىلاڭنىڭ پەيدا بولۇشىدا ئۇلارنىڭ ئەمەلىيەتتە « شەرقىي تۈركىستان مىللىي بىرلىك سېپىنى » قوللاپ قۇۋۋەتلىگەنلىكى ئىسپاتلاندى. ھەتتا پىلىمۇتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، قورال ياراقلار بىلەن تەمىنلىگەن.

5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى مەركىزى ھۆكۈمەت ھەربىي ئىشلار كومىتېتى 9 تۈرلۈك ئەھۋال ھەم ۋەزىيەتكە قارىتا قەتئى بېسقتۇرۇشقا بۇيرۇق قىلغان.

بۆ ماقالا ئاۋستىرالىيە تۈركىستان جەمئىيىتى تەرىپىدىن قىسقارتىلىپ تەرجىمە قىلىندى.


**شەرقىي تۈركىستان ئاللاقە ـ ئۇچۇر مەركىزى**

**Eastern Turkistan Information Center**

**E-mail Adresse:**
**0899046155-0001@t-online.de**

**Tel: 0049/89/904 53 40 Fax- Modem : 0049/89/904 61 55.**

# دۇنيا ئۇيغۇر ئاخبارات تورى

1996 . 19 - ئىيۇن قاتناشچى ئاگېنتىمىز ئابدۇللاھ زەپەر خەۋىرى ( No: 12 )

## شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەركىزى ئۈرۈمچى شەھرىدە 4 - ئايدىن بۇيان يۈزبەرگەن ۋەقەلەردىن مۇخبىرىمىزنىڭ ئىشەنچلىك مەنبەلەردىن ئالغان خەۋەرلىرى.

بۇ يىل 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئۈرۈمچىنىڭ « دۆڭ كۆۋرۈك » تىكى چوڭ بازىرىدا، نامەلۇم 2 يىگىت 4 نەپەر ساقچىغا ئوق چىقىرىپ، ساقچىلار نەخمەيداندا ئۆلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان باشقا ساقچىلار بۇ يەرگە كېلىپ، ھېلىقى ئىككى يىگىت بىلەن 2 - 3 سائەت ئەتراپىدا ئېتىشقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بىرىنى ساقچىلار تۇتۇۋالغان. يەنە بىرى ساقچىلاردىن ساق - سالامەت قۇتۇلۇپ كۆزدىن غايىپ بولغان.

1996 - يىل 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى [illegible] چىقىرىپ، نەخمەيداندا ئۈچ ساقچى ناھايىتى ئېغىر يارىدار بولۇپ، بۇلارنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىلگەن. بۇ ساقچىلارنىڭ ھايات ياكى ئۆلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس. ئەمما ھېلىقى ئۈچ يىگىتنى نۇرغۇنلىغان ساقچى، ۋەقە يۈزبەرگەن پۈتۈن ئەتراپنى قورشىۋېلىپ تۇتۇۋالغان. بۇلارنىڭ باشلىقى كۇچارلىق ئابدۇللاخان بولۇپ، ئۇ يىگىتنىڭ قورسىقىغا بەش يېرىگە ئوق تېگىپ ئۈچەيلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق ئۆلمىگەن. ئۇ يىگىتنى ساقچىلار تۇتىۋېلىپ ئۈرۈمچىدىكى ھەربىي رايون دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ كەتكەن. ھازىرقى ئەھۋالى ئېنىق ئەمەس.

1996 . 6 - ئىيۇن كۈنى ئەرگۈك تۆمۈر يول ئىدارىسى ئالدىدىكى خىتايلار تېلېۋىزىيون كۆرىدىغان قۇلۇپتا، كەچ سائەت 21 دە قاتتىق پارتلاش يۈزبەرگەن. بۇ ۋەقەدە، نەخمەيداننىڭ ئۆزىدىلا 18 خىتاي ئۆلگەن. 32 خىتاي يارىدار بولغان. ھۆكۈمەت بۇ ۋەقەدىن كېيىن، ئالتە شەھەر تەرەپتىن كەلگەن تىجارەتچىلەرنى بۆلگۈنچى باندىتلارنىڭ قۇيرۇقى دەپ، نۇرغۇن بىگۇنا ئادەملەرنى تۇتۇپ كەتكەن. ھازىر ئۇلارنىڭ بىرقىسمى ئەرگۈكنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى ئەنچۈەنتىڭنىڭ تۈرمىسىغا، بىرقىسمى بولسا، لىيوداۋان تۈرمىسىغا قامالغان.

ھۆكۈمەت ئاپتونوم رايون بويىچە پۈتۈن ساقچى ئەمەلدارلىرىنى 8 - ئىيۇن شەنبە كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىناسىنىڭ چوڭ زالىغا يىغىپ، دوكلات يىغىنى ئۆتكۈزگەن. دوكلاتتا، بۇ قېتىمقى ھەركەت بولسا، « شەرقىي تۈركىستاننى ئازات قىلىش پىرونتى » دېگەن ئەكسىل ئىنقىلابىي تەشكىلاتتىكى بىر ئوچۇم باندىتلارنىڭ ئىشى، ئەگەر بىز بۇنىڭغا دەل ۋاقتىدا قاتتىق زەربە بەرمىسەك، كاپكاسسىيدىكى چەچەنىستاندەك ئىچكى ئۇرۇش چىقىش خەۋپى ناھايىتى زور. شۇڭا مىڭى ناھەق تۇتۇلۇپ قالسا مەيلى، بىرسى توردىن چىقىپ قالمىسۇن. بۇ قېتىمقى ئاساسىي تۇتۇش نىشانىمىز؛ ئىسلام دىنىدا چىڭ تۇرغان تەلۋە ياشلار، دىندا ئوقۇغان تالىبلاردەپ كۆرسىتىلگەن. يەنە دوكلاتتا، يەنە بىر گۇرۇپ باندىتلار ھازىر خوتەننىڭ چىرا ناھىيىسىنىڭ ئايىغى قاراكۆمۈ تاغ دېگەن يەردە ساقلانماقتا. بۇنىمۇ قەتئىي تازلاش كېرەك دېيىلگەن.

شەرقىي تۈركىستان [illegible]

# دۇنيا ئۇيغۇر ئاخبارات تورى

1996 . 19 . ـ ئىيون قاشتېشى ئاگېنتىمىز ئابدۇللاھ زەھەر خەۋىرى ( No: 12 )

## شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەركىزىي ئۈرۈمچى شەھرىدە 6 ـ ئايدىن بېرى بولغان ۋەقەلەردىن مۇخابىرىمىزنىڭ ئىشەنچىلىك مەنبەئەلەردىن ئالغان خەۋەرلىرى.

بۇ يىل 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئۈرۈمچىنىڭ « دوڭ كۆرۈك » تىكى چوڭ بازىرىدا، نامەلۇم 2 يىگىت 4 نەپەر ساقچىغا ئوق چىقىرىپ، ساقچىلار نەخمەيداندا ئۆلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان باشقا ساقچىلار بۇ يەرگە كېلىپ، ھېلىقى ئىككى يىگىت بىلەن 2 ـ 3 سائەت ئەتراپىدا ئېتىشقادىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بىرىنى ساقچىلار تۇتىۋالغان. يەنە بىرى ساقچىلاردىن ساق ـ سالامەت قۇتۇلۇپ كۆزدىن غايىپ بولغان.

بۇ ۋەقە بولغان كۈننىڭ ئەتىسى، ( يەنى 3 ـ ئىيون كۈنى ) ئەردوچىياۋ سانشى خاگزىدا، يەنە باشقا ئۈچ يىگىت ساقچىلارغا ئوق چىقىرىپ، نەخمەيداندا ئۈچ ساقچى ناھىيىتى ئېغىر يارىدار بولۇپ، بۇلارنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىلگەن. بۇ ساقچىلارنىڭ ھايات ياكى ئۆلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس. ئەمما ھېلىقى ئۈچ يىگىتنى تۇرغۇنلىغان ساقچى، ۋەقە يۈزبەرگەن پۈتۈن ئەتراپىنى قورشىۋېلىپ تۇتىۋالغان. بۇلارنىڭ باشلىقى كۈچارلىق ئابدۇللاخان بولۇپ، ئۇيىگىتنىڭ قوسىغىغا بەش يېرىگە ئوق تېگىپ ئۇجەيلىپ، جىۋۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق ئۆلمىگەن. ئۇ يىگىتنى ساقچىلار تۇتىۋېلىپ ئۇدۇل مىجىدىكى ھەربىي رايون دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ كەتكەن. ھازىرقى ئەھۋالى ئېنىق ئەمەس.

1996 . 6 ـ ئىيون كۈنى ئەرگۈك تۆمۈر يول ئىدارىسى ئالدىدىكى خىتايلار تېلېۋىزيون كۆرىدىغان قۇلۇپتا، كەچ سائەت 21 دە قاتتىق پارتىلاش يۈزبەرگەن. بۇ ۋەقەدە، نەخمەيداننىڭ ئۆزىدىلا 18 خىتاي ئۆلگەن. 32 خىتاي يارىدار بولغان. ھۆكۈمەت بۇ ۋەقەدىن كېيىن، ئالتە شەھەر تەرەپتىن كەلگەن تىجارەتچىلەرنى بۆلگۈنچى باندىتلارنىڭ قۇيرۇقى دەپ، تۇرغۇن بىگۇنا ئادەملەرنى تۇتۇپ كەتكەن. ھازىر ئۇلارنىڭ بىرقىسمى ئەرگۈكنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى ئەنچىۋەنتىڭنىڭ تۈرمىسىغا، بىرقىسمى بولسا، لىيوداۋان تۈرمىسىغا قامالغان.

ھۆكۈمەت ئاپتونوم رايون بويىچە پۈتۈن ساقچى ئەمەلدارلىرىنى 8 ـ ئىيون شەنبە كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكىمىتى بىناسىنىڭ چوڭ زالىغا يىغىپ، دوكۇلات يىغىنى ئۆتكۈزگەن. دوكۇلاتتا، بۇ قېتىمقى ھەركەت بولسا، « شەرقىي تۈركىستاننى ئازات قىلىش پرونتى » دېگەن ئەكسىل ئىنقىلابىي تەشكىلاتتىكى بىر ئوچۇم باندىتلارنىڭ ئىشى، ئەگەر بىز بۇنىڭغا دەل ۋاقتىدا قاتتىق زەربە بەرمىسەك، كاپكاسسىيدىكى چەچەنىستاندەك ئىچكى ئۇرۇش/چىقىش خەۋپى ناھايىتى زور. شۇڭا مىڭى ناھەق تۇتۇلۇپ قالسا مەيلى، بىرسى توردىن چۈشۈپ قالمىسۇن. بۇ قېتىمقى ئاساسىي تۇتۇش نىشانىمىز، ئىسلام دىنىدا چىڭ تۇرغان تەلۋە ياشلار، دىنىدا ئوقۇغان تالىپلاردەپ كۆرسىتىلگەن. يەنە دوكۇلاتتا، يەنە بىر گۇرۇپ باندىتلار ھازىر خوتەننىڭ چىرا ناھىيىسىنىڭ ئايىغى قاراگغۇ تاغ دېگەن يەردە ساقلانماقتا. بۇنىمۇ قەتتىي تازلاش كېرەك دېيىلگەن.


شەرقىي تۈركىستان ئالاقە ـ ئۇچۇر مەركىزى

Eastern Turkistan Information Center

E-mail Adresse:
0899046155-0001@t-online.de

Tel: 0049/89/904 53 40 Fax- Modem : 0049/89/904 61 55

1996 . 18 ـ ئىيون ئىستانبۇل ئاگېنتىمىز مەھمۇت پىدايى خەۋىرى ( No: 11 )

تۈركىيە ـ ئىستانبۇلدا 14 ـ ئىيون جۈمە كۈنى شەرقىي تۈركىستانلىق ئاياللار خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يېقىندا شەرقىي تۈركىستان ئېلىپ بارغان ئاتوم سىنىقىنى ۋە بىر يېرىم ئايدىن بۇيان خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋە ھالەن داۋام قىلىۋاتقان بىگۇناھ ئادەملەرنى تۇتقۇن قىلىش سىياسىتىگە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈپ، ئىستانبۇلدىكى خىتاي كونسۇللىقى ئالدىغا قارا گۈل قويدى. بۇ نامايىشقا دۇنيا شەھەرچىلىك يىغىنىغا كەلگەن چەتئەللىك ۋەكىللەرمۇ قاتناشتى.

## ئەنقەرەدە شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە مۇخبىرلار بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

1996 . 21 ـ ئىيون ئەنقەرە ئاگېنتىمىز ئەركىن تارىم خەۋىرى.

1996 . ئىيۇننىڭ 19 ـ كۈنى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى ئەنقەرەدىكى بۈيۈك بىرلىك پارتىيىسىنىڭ باش مەركىزىدە مىللەت ۋەكىلى ئورخان قوغۇنچى، شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە مۇخبىرلار سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىنغا تۈركىيىدىكى كۆپلىگەن رادىئو ـ تېلېۋىزيون مۇخبىرلىرى قاتناشتى.

بىرىنچى قېتىم شەرقىي تۈركىستان ئوقۇغۇچىلار بىرلىكى باشلىقى ئەركىن ئەكرەم، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كۆلىمىزدە شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان رەھىمسىز ئەشەددىي سىياسىتىنى ئاڭلاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن مىللەت ۋەكىلى ئورخان قوغۇنچى سۆز قىلدى. ئۇ سۆزىدە، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە قاراپ تۇرماسلىققا چاقىردى. يىغىنغا ئۇيغۇر پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىدىن دوچەن دوكتور ئەركىن ئەمەت ۋە كۆپ ساندا ئۇيغۇر ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قاتناشتى.

شەرقىي تۈركىستان ئالاقە ـ ئۇچۇر مەركىزى

**Eastern Turkistan Information Center**

**E-mail Adresse:**
**0899046155-0001@t-online.de**

**Tel: 0049/89/904 53 40 Fax- Modem : 0049/89/904 61 55.**

# دۇنيا ئۇيغۇر ئاخبارات تورى

1996 . 19 - ئىيون ئالما - ئاتا شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى گېزىتىنىڭ خەۋىرى ( No: 10 )

## خىتاينىڭ 1996 يىلى 1 - ئاپرېل باشلىغان 100 كۈنلۈك « قاتتىق زەربە بېرىش » ھەركىتى بويىچە شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى گېزىتىنىڭ سەھىپىلىرىدە چىققا خەۋەرلەرنىڭ يىغىندىسى

بۇ ھەركەت 1 - ئاپرېل باشلانغان بولسىمۇ 26 - ئاپرېل شائىخەي توختام ئىمزاسىغا قول قويۇلغىچە مەخپىي قارا تىزىم تەييارلانغان. شۇ تىزىم بويىچە 1 - مايدىن ھازىرغىچە 5000 دىن ئوشۇق زىيالىلار بىلەن كادىرلارنى « مىللىي بۆلگۈنچى » دەپ، دىنىي زاتلار بىلەن تالىپلارنى « دىنىي ئەكسىيەتچىلەر » دەپ قولغا ئالغان. ئۈرۈمچى رادىئوسىنىڭ 6 - ئىيون كۈنىدىكى ئوچۇق خەۋىرىدە، مۇشۇ قولغا ئېلىنغانلارنىڭ تۆرتتە بىرى ئۈرۈمچىدە قولغا ئېلىندى دەپ مەلۇم قىلىندى. مۇشۇ ئارىدا يالغۇز ئۈرۈمچىدە مىللىي روھتا چىقىۋاتقان 22 گېزىت ۋە ژورنالنىڭ نەشرى توختۇلغان. بۇ نەشرىياتلاردا بېسىلغان 100 مىڭدىن ئوشۇق ھەرخىل كىتاب ۋە ماتېرىياللار يىغىۋېلىنغان.

ۋەتىنىمىزدىكى « ۋەتەن ئۈچقۇنى » شتابىنىڭ ئېنىقلىشىچە، بۇ قېتىمقى مىللىي تازىلاشتىن بۇرۇن، قەشقەر تەرەپتە 3373 كىشى قولغان ئېلىنغان ئىكەن. ھازىرقى تازىلاش ھەركىتىگە ئازلا قارشىلىق كۆرسەتكەن 20 دىن ئوشۇق كىشى، شۇ مەيداندىلا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

مەسىلەن: ئۈرۈمچىدە قەشقەرلىق ئىككى ژىگىت، قارا شەھەردە كوچادا 6 ژىگىت شۇنداق ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

خىتاي ھۆكۈمىتى ھازىرقى ھەركەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، پۈتۈن ھەربىلەر بىلەن ساقچىلارغا 11 - ئىيون كۈنى مۇنداق بۇيرۇق چۈشەرگەن.

1 ) ھەربىي ساقچىلارغا قايەردە ماشىنا كېرەك بولسا شۇيەردىكى ئىدارىلارنىڭ ماشىنىلىرىنى ئېلىپ ئىشلىتىش.

2 ) ئۆيمۇ - ئۆي ئاختۇرۇپ قولغا ئالغۇچى ساقچىلارغا شۇ ئۆيدىلا تۇتۇلغۇچى ئۈستىدىن 3 - 4 يىللىق كېسىم ھۆكۈم چىقىرىش ھوقوقىنى بېرىش.

خىتاينىڭ بۇ ئەشەددىي بېسقتۇرۇشىغا قارشى مىللىي پىدائىلار، ھازىر پۈتۈن ۋەتىنىمىز مىقياسىدا قوراللىق - قورالسىز جەڭگە چىقماقتا. ئۈرۈمچىدە مۇشۇ يىل ماي ئېيى ئىچىدە 7 قېتىم قوراللىق ئېتىشىش بولدى. كوچارلىق ئا ۇللاھ قاسىم، چوڭ بىرتوپ پىدائىلار بىلەن تەكلىماكان چۆلىسىدە جەڭ قىلىۋاتىدۇ. قۇمۇللۇق شانىياز، قۇمۇل تاغلىرىدا جەڭ قىلىۋاتىدۇ. بوگىزلىك تۇمۇر تۇرسۇن دېگەن پىدائىلار، ئۆزلىرى قورال - ياسىغان. قەشقەر، خوتەن، يەكەن خەلقى ھازىر ئومومى يۈزلۈك قوزغۇلۇپ كەتتى.

« ۋەتەن ئۈچقۇنى » شتابىنىڭ 15 - ئىيون كۈنىدىكى غەيرى رەسمى خەۋىرىدە، تارباغاتاي ۋىلايىتىدە باش كۆتەرگەن 9 نەپەر قازاق، 2 نەپەر ئۇيغۇر ياشلىرى شۇ مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن.


**شەرقىي تۈركىستان ئالاقە - ئۇچۇر مەركىزى**
**Eastern Turkistan Information Center**

**E-mail Adresse:**
**0899046155-0001@t-online.de**

**Tel: 0049/89/904 53 40 Fax- Modem : 0049/89/904 61 55.**

# دۇنيا ئۇيغۇر ئاخبارات تورى

1996 . 11 . ئىيون ئىستانبۇل ئاكىپتىمىز مەخمۇت پىدائى خەۋىرى ( No: 9 )

## شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئىستانبۇلدا دۇنياغا دەردىنى ئاڭلاتتى

بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە « خابىتات 2 - خەلقئارالىق شەھەرچىلىك يىغىنى » 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل شەھرىدە ئېچىلدى. 14 - چېسلاغىچە داۋام قىلىدىغان يىغىنغا دۇنيادىكى 150 دۆلەتتىن كەلگەن 30 مىڭدىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

بۇ يىغىنغا ئىستانبۇلدىكى « شەرقىي تۈركىستان كۆچمەنلەر جەمىيىتى » مۇ رەسمى ئەزا سۈپىتىدە قېتىلدى. يىغىن جەريانىدا « شەرقىي تۈركىستان كۆچمەنلەر جەمىيىتى » گە كۆرسىتىپ بېرىلگەن ئورۇندا شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇم ۋە بۈگۈنكى مەسىلىلەرنى نامايەندى قىلىدىغان رەسىم كۆرگەزمىسى، كىتاب كۆرگەزمىسى ئېچىلىپ، كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلىب قىلدى.

8 - چېسلا، يىغىن كۈنتەرتىۋى بويىچە « خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىۋاتقان ئاتوم سىناقلىرىغا نارازىلىق بىلدۈرۈش » يىغىنى ئېچىلىش كېرەك ئىدى. بۇ كۈنى ئىستانبۇلدا ياشاۋاتقان 1000 دىن ئوشۇقراق يۇرتداش ئائىلە بالا - چاقىلىرى بىلەن بىرلىكتە مىللىي كېيىملىرىنى كىيىپ، قوللىرىدا ئاييۇلتۇزلۇق قىزىل ۋە كۆك بايراقلار، ئېنگلىزچە ياپونچە ۋە خىتايچە يېزىلغان « شىنجاڭ ئەمەس شەرقىي تۈركىستان »، « خىتايلار شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىپ كەتسۇن! » « شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇم توختۇتۇلسۇن! » قاتارلىق لوزۇڭكىلار بىلەن ئىستانبۇلنىڭ تاكسىم مەيدانىدا نامايىش ئېلىپ باردى. سەپنىڭ ئالدىدا، بويىنغا بويۇنتۇرۇق، پۇت - قوللىرىغا زەنجىر - كىشەن سېلىنغان، بەدەنلىرىدە قامچە ئىزلىرى، كېيىملىرى قانغا مىلەنگەن ھالدا شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇمنى تەمسىل قىلىپ ماڭغان گۇرۇپ بولسا، ئەتراپتىكىلەرنى ئېچىندۇردى ۋە ھاياجانلاندۇردى.

نامايىش كېيىن تەشكىل تەرىپىدىن كۆرسىتىلىپ بەرگەن زالدا، « شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇم ۋە ئاتوم سىناقلىرى » ماۋزۇدا چوڭ يىغىن ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا ھەمشەرىلەردىن باشقا، تۈركىيىلىك ۋە چەتئەللىك مېھمانلارمۇ قاتناشتى. بۇ قېتىمقى يىغىنغا، تىبەتنىڭ سۈرگۈندىكى داھىسى دالايلامىنىڭ ۋەكىلىمۇ قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى. ئۇ سۆزىدە « 6 مىليون تىبەت خەلقى شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى چىن كۆڭلىدىن بار كۈچى بىلەن قوللايدۇ، تىبەت خەلقى ھەرزامان سىلەر بىلەن بىرگە » دېدى.

يىغىندىن كېيىن، تاكسىم مەيدانىدىكى چوڭ سەھنىدە « شەرقىي تۈركىستان ناخشا ئۇسسۇل كېچىسى » ئۆتكۈزۈلدى. ئىستانبۇلدا بار بولغان « شەرقىي تۈركىستان ناخشا ئۇسسۇل ئۆمىكى » بىلەن بىرلىكتە، تاشكەنتتىكى ئۇيغۇر سەنئەت ئۆمىگىدىن كەلگەن مېھمان سەنئەتچىلەرمۇ ئويۇن قويدى. بۇقېتىم قويۇلغان كونسېرت، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ دۇنياغا تونۇلىشى جەھەتتىن موھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىر پائالىيەت بولدى.

پۈتۈن بۇ پائالىيەتلەر 10 - چېسلا/يەنە بىرقېتىم ئۆتكۈزۈلدى.

تۈركىيىدىكى تېلېۋىزيون ۋە گېزىتلەر بۇ پائالىيەتلەرنى ئۆز ۋاقتىدا خەۋەر قىلىپ تۇردى.


**شەرقىي تۈركىستان ئالاقە - ئۇچۇر مەركىزى**

**Eastern Turkistan Information Center**

**E-mail Adresse:**
**0899046155-0001@t-online.de**

---

**Tel: 0049/89/904 53 40 Fax- Modem : 0049/89/904 61 55.**

# دۇنيا ئۇيغۇر ئاخبارات تورى

گوللاندىيە ئاگېنتىمىز مەھمەت تۇرتۇنچى خەۋىرى ( No: 5 )

1996 . 6 . ئاينىڭ 2 - كۈنى گوللاندىيەنىڭ پايتەختى ئامستەردام شەھرىنىڭ مەركىزى بولغان « De dam » مەيداندا خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى چوڭ بىر يىغىلىش ھەركىتى ئۆتكۈزۈلدى.

بۇ ھەركەت ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلدى. يىغىلىشنىڭ ئاساسى روھى « **ئۆلگەنلەرنى ئۇنۇتمايلى** » دېگەن مەرزۇدا بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ خىتايدىكى كىشىلىك ئىنسان ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىشىغا قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ھالدا ئۇرغۇزۇلغان ناھەق ئۆلتۈرۈلگەن ۋە ناھەق تۈرمىلەردە ياتقان ئادەملەرنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلدى.

بۇ يىغىلىش ھەركىتىنى تەرىيارلىغۇچىلار ناھايىتى ئۇستۇن بىر ماھارەتتە خىتايدىكى شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى مۇڭغۇلىيە قاتارلىق رايونلاردا كىشىلىك ئىنسان ھەق - ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلىۋاتقان، تۈرمىلەردە سىياسىي مەھبۇسلارغا قىلىنىۋاتقان ۋەھشى ئازابلارنى ئەكس ئەتتۈردىغان رەسىم ۋە شۇئار لوزۇنكىلار بىلەن كەڭ مەيداننى توشقۇزىۋەتتى.

رەسىملەر ئىچىدە ياشانغان شەرقىي تۈركىستانلىق بىر ئۇيغۇر بوۋاينى خىتاي ساقچىلىرى بېسىپ تۇرغان يۈغان كۆرۈنۈش كىشىلەرنىڭ ئالھىدە دىققىتىنى قوزغىدى.

بۇ يىغىننىڭ يەكشەنبە كۈنىگە توغرا كېلىشى ۋە ھاۋانىڭ ناھايىتى ئوچۇق بولىشى مۇناسىۋىتى بىلەن شەھەر مەركىزىگە كەلگەن ساياھەتچى ۋە تاماشىبىنلارنىڭ ئالاھىدە دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىدى. يىغىن مەيدانى سائەتلەر بويىچە چەتئەللىك ساياھەتچىلەر ۋە يەرلىك تاماشىبىنلەردىن خالى بولمىدى. يىغىننى ئۇيۇشتۇرغۇچىلار بىرتەرەپتىن كىشىلەرگە تەشۋىق ۋاراقلىرى تارقاتسا، يەنە بىر تەرەپتىن كىشىلەردىن ئىمزا توپلاش بىلەن مەشغۇل بولدى.

ئاساسي جەھەتتىن گوللاندىيەلىكلەردىن تەركىپ تاپقان « FARABI » ( فارابى ) سەنئەت ئۆمىكى، بۇ يىغىن ئۆچۈن مەيداندا ئويۇن قويۇپ، ئۇيغۇرچە، تۈركچە ۋە بالقانچە قاتارلىق خەلق مۇزىكىلىرىنى چېلىپ « De dam » مەيداننى ياڭرىتىۋەتتى. بۇيىغىن 4 سائەت داۋام قىلدى.

شەرقىي تۈركىستان ئالاقە - ئۇچۇر مەركىزى
**Eastern Turkistan Information Center**

**E-mail Adresse:**
**0899046155-0001@t-online.de**

**Tel: 0049/89/904 53 40 Fax- Modem : 0049/89/904 61 55.**

# دۇنيا ئۇيغۇر ئاخبارات تورى

1996 . 3 - ئىيۇن ئامېرىكا ئاگېنتىمىز ئابدۇرراھىم ئاتبايىپ خەۋىرى ( No: 4 )

ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرىدا چىقىدىغان خىتايچە « دۇنيا گېزىتى » نىڭ 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىكى سانىنىڭ « چوڭ قۇرۇلۇغ خەۋەرلىرى » بېتىدە مۇنداق دەپ يېزىلغان: شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنى كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىپ مىڭدىن ئوشۇق كىشى قولغا ئېلىندى.

يالغۇز ئالتە كۈن ئىچىدە جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى ئىككى يۈزدىن ئوشۇق قارا گورۇھنى تار - مار قىلدى!

فىرانسىيە ئاگېنتلىقىنىڭ 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى بېيجىڭدىن بەرگەن خەۋىرىدە مۇنداق دەپ يازغان: خىتاي تىلىدا نەشر قىلىنىدىغان « شىنجاڭ گېزىتى » نىڭ بىلدۈرىشىچە شىنجاڭ يەنى شەرقىي تۈركىستان خەۋپسىزلىكنى قوغداش ساقچىلىرى قاتتىق زەربە بېرىش ئارقىلىق دەسلەپكى ئالتە كۈن ئىچىدە 1700 دىن ئوشۇقراق تېرورىس يەنى بۆزغۇنچىلارنى قولغا ئالدى.

« شىنجاڭ گېزىتى » شىنجاڭ سىياسىي قانۇن كومىتېتى سېكرېتارى فىڭ زىشىڭنىڭ سۆزىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق خەۋەر قىلدۇ: جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىلىرى 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا جەمى ئىككى يۈز زوراۋان قارا گورۇھنى تارمار قىلدى ۋە 1100 كىلوگرام پارتلاتقۇچ دورا، 92 دانە مىلتىق ۋە باشقا نەرسىلەرنى قولغا چۈشۈردى. بۇلارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى يەتتە مىليون 700 مىڭ يۈەن - پولغا توغرى كېلىدۇ، دەپ يازغان. لى فىڭزى يەنە مۇنداق دېدى: جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى جىنايى ئىشلار قاتارىدىن 1400 كىشىنى پاش قىلىش ئارقىلىق ( بۇنىڭ ئىچىدە 600 نەپىرىنىڭ جىنايى خاراكتېرى ئىنتايىن ئېغىر ) 1100 قارا گورۇھ ئۇنسۇرلىرىنى قولغا ئالدۇق دەپ يازغان. شۇ كۈنىدىكى شىنجاڭ گېزىتىنىڭ نەشر قىلغان باش ماقالىسىدا، مىللىي بۆلگۈنچى دەپ ئاتالغان ( ئۆز يۇرتىغا ئۆزى خوجايىن بولۇپ ھۆر ۋە ئازات ياشاشنى ئىستىگەن ۋەتەنپەرۋەر ) كىشىلەرگە مۇنداق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن:

« لىيىتى بۇزۇق ئازسالدىكى مۇسۇلمان بۆلگۈنچىلەر جەمئىيەت خەلقىنىڭ ئامانلىقىغا تەسىر كۆرسەتمەكتە!... » بىز ئۇلارغا قارشى ئۈزۈل - كېسىل ۋە داۋاملىق كۆرەش ئېلىپ بارىمىز. جوڭگو ھۆكۈمىتى داۋاملىق ھالدا ئۆزۋەندىكىدەك قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلگەن.

شىنجاڭنى جوڭگودىن ئايرىپ پارچىلاش ۋە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر دۆلەت قۇرۇش نىيتىدە بولغانلار ئازسانلىق كىشىلەردۇر!...

ئەمما قازاقىستانغا چىقىپ كەتكەن بۆلگۈنچىلەرنىڭ دېيىشلىرىچە ئۇلارنى شىنجاڭدا مىليونلارچە كىشى قوللايدىكەن! شىنجاڭدا ئاكتىپ ھالدا ھەركەت قىلىۋاتقان ( يەنى مىللىي مۇجادىلە كۆرىشىنى يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان ) مەخپىي تەشكىلاتلارنىڭ سانى ھازىر يىگىرمە يەتتىگە يەتكەن.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ سەكرېتارى ۋاڭ لېچۈەن، شىنجاڭ گېزىتىنىڭ مۇخبىرلىرىغا مۇنداق دېگەن: بۇ تەشكىلاتلارنىڭ ئېلىپ بېرىۋاتقان مىللىي ھەركەتلەرنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ ئۇلار شۇنداقلا بىر قىسىملىغان ھامان ئۇلارنى قاتتىق زەربە بېرىپ ئۇجۇقتۇرىۋېتىش كېرەك.

ۋاڭ لېچۈەن يەنە قوشۇمچە مۇنداق دېگەن:

بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن تەشكىلاتلارغا رەھىمسىز قاتتىق زەربە بېرىشىمىز لازىم.

**شەرقىي تۈركىستان ئالاقە - ئۇچۇر مەركىزى**

**Eastern Turkistan Information Center**

**E-mail Adresse:**
**0899046155-0001@t-online.de**

**Tel: 0049/89/904 53 40 Fax- Modem : 0049/89/904 61 55.**

## گوللاندىيەدىن خەۋەرلەر

ش . ت . ئالاقە - ئۇچۇر مەركىزىنىڭ گوللاندىيە ئاگېنتى مەھمۇت تۇتۇنچىنىڭ خەۋىرى:

1996 . 6 . ئاينىڭ 2 - كۈنى گوللاندىيەنىڭ پايتەختى ئامستەردام شەھرىنىڭ مەركىزى بولغان « De dam » مەيداندا چىن ھۆكۈمىتىگە قارشى چوڭ بىر يىغىلىش ھەركىتى ئۆتكۈزۈلدى.

بۇ ھەركەت ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلدى. يىغىلىشنىڭ ئاساسى روھى « ئۆلارنى ئۇنۇتمايلى » دېگەن مەۋزۇدا بولۇپ، چىن ھۆكۈمىتىنىڭ چىندىكى كىشىلىك ئىنسان ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىشىغا قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ھالدا ئۇرغۇنلىغان ناھەق ئۆلتۈرۈلگەن ۋە ناھەق تۈرمىدا ياتقان ئادەملەرنى خاتىرلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلدى.

بۇ يىغىلىش ھەركىتىنى تەييارلىغۇچىلار ناھايىتى ئۇستىلىق بىر ماھارەتتە چىندىكى شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى مۇڭغۇلىيە قاتارلىق رايونلاردا كىشىلىك ئىنسان ھەق - ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلىۋاتقان، تۈرمىلاردا سىياسىي مەھبۇزلارغا قىلىنىۋاتقان ۋەھشى ئازابلارنى ئەكس ئەتتۈردىغان رەسىم ۋە شوئار لوزۇنكىلار بىلەن كەڭ مەيداننى تولدۇرۇۋەتتى.

رەسىملەر ئىچىدە ياشانغان شەرقىي تۈركىستانلىق بىر ئۇيغۇر بوۋاينى خىتاي ساقچىلىرى بېسىپ تۇرغان يوغان كۆرۈنۈش كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى قوزغۇدى.

بۇ يىغىنىنىڭ يەكشەنبە كۈنىگە توغرا كېلىشى ۋە ھاۋانىڭ ناھايىتى ئوچۇق بولىشى مۇناسىۋىتى بىلەن شەھەر مەركىزىگە كەلگەن ساياھەتچى ۋە تاماشىبىنلارنىڭ ئالاھىدە دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىدى. يىغىن مەيدانى سائەتلەر بويىچە چەتئەللىك ساياھەتچىلەر ۋە يەرلىك تاماشىبىنلەردىن خالى بولمىدى. يىغىننى ئۇيۇشتۇرغۇچىلار بىرنەرەپتىن كىشىلەرگە تەشۋىق ۋاراقلىرى تارقاتسا، يەنە بىر تەرەپتىن كىشىلەردىن ئىمزا توپلاش بىلەن مەشغۇل بولدى.

ئاساسىي جەھەتتىن گوللاندىيەلىكلەردىن تەركىپ تاپقان « FARABI » ( فارابى ) سەنئەت ئۆمىكى، بۇ يىغىن ئوچۇن مەيداندا ئويۇن قويۇپ، ئۇيغۇرچە، تۈركچە ۋە بالقانچە قاتارلىق خەلق مۇزىكىلىرىنى چېلىپ « De dam » مەيدانىنى ياڭرىتىۋەتتى. بۇيىغىن 4 سائەت داۋام قىلدى.

**شەرقىي تۈركىستان ئالاقە - ئۇچۇر مەركىزى**

**Eastern Turkistan Information Center**

**Email Adresse:**
**0899046155-0001@t-online.de (Abudujili)**

**Tel: 0049/89/904 53 40 Fax- Modem : 0049/89/904 61 55.**

# خەۋەردار بولۇڭ!

**شەرقىي تۈركىستان ئالاقە - ئۇچۇر مەركىزى رەسمىي قۇرۇلدى.**

**شەرقىي تۈركىستان ئالاقە ئۇچۇر مەركىزىنىڭ ئاۋۇستۇرالىيەدىن - ئامېرىكىغىچە قەدەر بولغان دۇنيانىڭ مەركىزى شەھەرلىرىدە ئىش بېجىرىش خادىملىرى رەسمىي بېكىتىلىپ كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ خىزمىتىگە ھازىر تۇرماقتا**

شەرقىي تۈركىستان ئالاقە - ئۇچۇر مەركىزى: خەۋەرلەشمىدە « دۇنيا ئۇيغۇر ئاخبارات تورى » ئارقىلىق ھۆر دۇنيا بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئوتتۇرىسىدا بىر كۆۋرۈكلۈك رولىنى ئوينايدۇ.

شەرقىي تۈركىستان ئالاقە - ئۇچۇر مەركىزى: « مەشئەل گېزىتى » ئارقىلىق ئانا ۋەتەن ۋە چەتئەلدە شەرقىي تۈركىستانلىقلار ھەققىدە دىنىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئەدەبىي جەھەتلەردە ئۇچۇر ۋە خەۋەرلەر بېرىدۇ.

شەرقىي تۈركىستان ئالاقە - ئۇچۇر مەركىزى: ئانا ۋەتەن ۋە چەتئەلدىكى بارلىق تەشكىلات، جەمئىيەتلەر ۋە پۈتۈن ۋەتەنپەرۋەر زاتلار بىلەن بىۋاستە ئالاقە باغلايدۇ، خەۋەرلىشىدۇ ۋە ئۆز-ئارا ھەمكارلىشىدۇ.

شەرقىي تۈركىستان ئالاقە - ئۇچۇر مەركىزى: بۈگۈنكى كۈندە دۇنيانىڭ ئەڭ زامانىۋىي ۋە ئەڭ چوڭ ئېلېكترونلۇق مىڭە ئالاقەلىشىش شىركىتى « ئىنتەرنەت » ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھۆر ئاۋازى ۋە ئەركىن پىكرىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تونۇتىدۇ.

شەرقىي تۈركىستان ئالاقە - ئۇچۇر مەركىزى: ئانا ۋەتەن ۋە چەتئەلدىكى پۈتۈن تەشكىلات، جەمئىيەتلەر ۋە بارلىق ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنىڭ بىز بىلەن يېقىندىن ئالاقەلىشىشىڭىزلارنى، بىزگە ئەسەر ئەۋەتىشىڭىزلارنى، بىزنى مول ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشۇڭىزلارنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ!

بىزگە ئەۋەتكەن ھەرقانداق ئەسەر ۋە ماتېرىياللار، ئەۋەتكۈچىنىڭ ئۆز ئارزۇسى بويىچە نەشر قىلىنىدۇ ( خەلقىمىزنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولغان پرىنسىپ ئاستىدا ) ۋە تارقىتىلىدۇ ھەمدە بۇ ماتېرىياللارنىڭ ئۆزىگە خاس مەخپىيەتلىكى ساقلىنىدۇ.

كەڭ كىتابخانلىرىمىزنىڭ، ۋەتەنپەرۋەر زاتلىرىمىزنىڭ، پېشقەدەم زىيالىيلىرىمىزنىڭ، بىزگە قىممەتلىك پىكىرلىرىنى بېرىشىنى، ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتە ياردەمدە بولۇشىنى چىن قەلبىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز.

**شەرقىي تۈركىستان ئالاقە - ئۇچۇر مەركىزى**

**Eastern Turkistan Information Center**

**Email Adresse:**

**0899046155-0001@t-online.de**

**Tel: 0049/89/904 53 40 Fax- Modem : 0049/89/904 61 55**

مۈنچېن. گېرمانىيە 1 - ئىيۇن. 1996

# ئانا ۋەتەندىن خەۋەرلەر

1996 . 25 . ماي

ئۆتكەن ھەپتە يەكەن شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسىغا ۋە شەھەرنىڭ مەركىزىي يەرلىرىدىكى تاملارغا، نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن خەلقنىڭ ھۆكۈمەتكە بولغان نارازىلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئىنقىلابىي تام گېزىتلىرى چاپلانغان. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە يەكەن شەھىرى بىلەن پوسكام بازىرىدا بىرلا ۋاقىتتا، بىردىنلا بومبا پارتىلىغان. يەكەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ چەتتىن سېتىۋالغان كاتتۋاشلارنى توشۇيدىغان يېڭى ماشىنىسى، پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئېلېكتىرلىك ئىستانسىسىدا نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن بومبا قويۇلۇپ، ھاۋاغا ئۇچۇرۇلغان.

مانا بۇ ۋەقەلەردىن كېيىن، يەكەن ۋە پوسكام ناھىيىلىرىدە ۋەزىيەت ناھايىتى جىددىيلىشىپ كەتكەن. ھۆكۈمەت يۇقىرىقى بومبا پارتىلاش ۋەقەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ گۇمانلانغان ئۇرغۇنلىغان بىگۇناھ كىشىلەرنى تۇتۇپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھۆكۈمەت تام گېزىتى چىقارغانلارنى تېپىش ئۈچۈن يەكەن شەھىرىدىكى پۈتۈن ئاھالىنى توپلاپ، ئۇلارنى خەت يازغۇزۇش ئارقىلىق تام گېزىتىنى چىقارغانلارنى تېپىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، تا ھازىرغىچە ھېچ يىپ ئۇچى تاپالمىغان.

شەرقىي تۈركىستان ھۆر نەشرىياتى ۋە ئالاقە - ئۇچۇر مەركىزىدىن.

Abdul jelil . Hausnerstr. 9 . 85551 Kirchheim b. M.
Germany
Tel: 0049/89/904 53 40 Fax- Modem : 0049/89/904 61 55

# جىددى خەبەر

1996 . 22 . ماي

خىتاي مۇستەبىتلىرى شەرقىي تۈركىستاندا ئۆتكەن ئايدىن باشلاپ « بۆلگۈنچى، يان ئىسلامىزم ۋە يان تۈركىزم » نامى ئاستىدا ناھايىتى چوڭ بىر چارلاش ھەركىتى ئېلىپ بېرىشقا باشلىغان، خىتاي بۇنىڭدىن بۇرۇنقى شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بارغان ھەركەتلىرىنى ھۆر دۇنيادىن مەخپىي ئېلىپ بارغان بولسا، بۇ قېتىمقىي ھەركەتنى ھۆر دۇنيادىن يوشۇرۇپ بولالماسلىقنى بىلىپ، « خەلق گېزىتى » دە بۇ ھەركەتنىڭ ئاساسىي نوقتىسىنى ئېلان قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندا 1700 كىشىنى قولغا ئالغانلىقنى يازغان. چەتئەلدىكى سىياسىي كۈزەتچىلەر، بۇ قېتىمقى ھەركەتتە خىتاي 1700 ئەمەس، ئون مىڭدىن ئۇشۇق ئادەمنى قولغا ئالغان بولىشىنى تەخمىن قىلماقتا.

خىتاينىڭ بۇ چارلاش ھەركىتى ئەرەب ئەللىرىدە چوڭ سىياسىي گېزىتلەردە ئېلان قىلىندى.

بىزنىڭ مەملىكەت بىلەن تېلېفون ئارقىلىق ئالغان مەلۇماتىمىزدا، ئۈرۈمچى بىلەن غۇلجا ئوتتۇرىسىدا يول بۇزۇقلۇقنى باھانە قىلىپ ھۆكۈمەت پۈتۈن قاتناشنى توختاتقان.

يېقىندا قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئىمامى ھارۇنخان ھاجىم نامازغا كېتىۋاتقىنىدا نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن بىرنەچچە يېرىگە پىچاق سېلىنىپ ناھايىتى ئېغىر ياردار. ھالدا يولغا تاشلىۋېتىلگەن ۋە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئۇرغۇن پۇل سەرپ قىلىپ قەشقەردىكى بىر دوختۇرخانىدا ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇۋېلىنغان.

قەشقەردە بۇ يىلقى قۇربانھېيت نامىزى ھۆكۈمەتنىڭ قاتتىق بېسىمى ئاستىدا ئوقۇلغان. ھازىر ھېيتگاھ مەسجىدىگە ئىككى - ئۈچ يەرگە تۆمۈر بوتكا ئورنىتىلۇپ، ھېيتگاھ مەسجىدىگە كىرگەن - چىققان جامائەتنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس ساقچى بېكىتىلگەن.

يېقىندا ئۈرۈمچى شەھرىدە يەتتە ياشتىكى بىر بالىنى خىتايلارنىڭ رەھىمسىزلارچە قاتتىق ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئۇيغۇرلار، بۇ ئىشقا چىداپ تۇرالماي خىتايلار بىلەن ئۇرۇشقان ۋە بۇ كىشىلەردىن ئون ئىككى كىشى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان.

ھازىر شەرقىي تۈركىستاننىڭ شەھەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش، كىلومېتىردا دېگۈدەك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قاتتىق تەكشۈرۈشۈرۈلمەكتە.

بۈگۈنكى كۈندە شەرقىي تۈركىستاندا خىتايلارنىڭ زۇلمى كۈندىن - كۈنگە ئىنسان چىدىغۇسىز ھالدا ھەسسىلەپ ئاشماقتا. خۇدا ياراتقان ھەر كۈنى شەرقىي تۈركىستاندا قانچىلىغان ۋەقە يۈز بەرمەكتە. ئۇنىڭ ئۈچۈن بىزدەك ھۆر دۇنيادا ياشاۋاتقان مۇھاجىرلارنى ئانا ۋەتەندە خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلىۋاتقان بۇ ياۋۇز، ۋەھشىي قىلمىشلىرىنى دۇنيا جامائىتىگە ئاڭلىتىش ئۈچۈن ناھايىتى جىددى خىزمەتلەر كۈتۈپ تۇرماقتا.

بۇنىڭ ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون ئىشخانىلىرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا دەرھال ئېچىلىپ خەلقىمىزنىڭ بۇ پاجىئەلىك ھالىنى دۇنياغا ئاڭلىتىشى پەرز ئەيىن بولۇۋاتىدۇ. ۋەلېكىن بىزنىڭ ئىقتىسادلىق، نوپۇزلۇق مىللەتنىڭ بېشىدىكى كىشىلىرىمىز بۇ ئىشقا سەل قاراپ، كۆز چىقارمايۋاتىدۇ.

جانابى ئاللاھ بىزنى غەپلەت ئۇيقىسىدىن ئويغاتقايسۇن! قىيامەت كۈنىدە ئاللاھ ھوزۇرىدا قانداق ھېساپ بېرىشنى ئويلىسۇن!

**شەرقىي تۈركىستان ھۆر نەشرىياتى ۋە ئالاقە - ئۇچۇر مەركىزىدىن.**

## جىددى خەبەر

1996 . 20 ـ ماي

ختاي مۇستەبتلرى شەرقىي تۈركستاندا ئۆتكەن ھەپتىدىن باشلاپ « بۆلگۈنچى، پان ئىسلامىزم ۋە پان تۈركىزم » نامى ئاستىدا ناھايتى چوڭ بىر چارلاش ھەركىتى ئېلىپ بېرىشقا باشلىغان، ختاي بۇندىن بۇرۇنقى شەرقىي تۈركستاندا ئېلىپ بارغان ھەركەتلىرىنى ھۆردۇنيادىن مەخپى ئېلىپ بارغان بولسا، بۇ قېتىمقى ھەركەتنى ھۆردۇنيادىن يوشۇرۇپ بولالماسلىقىنى ئويلاپ، « خەلق گېزىتى » دە بۇ ھەركەتنىڭ ئاساسى نوقتىسىنى ئېلان قىلىپ، شەرقىي تۈركستاندا 1700 كىشىنى قولغا ئالغانلىقىنى يازغان.

بىزنىڭ مەملىكەت بىلەن قىلغان تېلېفون ئارقىلىق ئالغان مەلۇماتىمىزدا، ئۈرۈمچى بىلەن غۇلجا ئوتتۇرسىدا يول بۇززۇقلىقىنى باھانە قىلىپ ھۆكىمەت پۈتۈن قاتناشنى توختاتقان.

چەتئەلدىكى سىياسى كۆزەتچىلەر، بۇ قېتىمقى ھەركەتتە ختاي 1700 ئەمەس، ئۇن مىڭدىن ئۇشۇق ئادەمنى قولغا ئالغان بولىشىنى نەخمىن قىلماقتا.

ختاينىڭ بۇ چارلاش ھەركىتى غەرب ئەللىرىدە چوڭ سىياسى گېزىتلەردە ئېلان قىلىندى.

**شەرقىي تۈركستان ھۆر نەشرىياتى ۋە ئالاقە ـ ئۇچۇر ھەركىزىدىن**

Eastern Turkistan
National Research Center, Inc.
P.O. Box 77159 • Washington, D.C. 20013-7159
Telephone: (202) 544-9590 • Fax: (202) 544-9591

## The Uighur News — يۇرت ئۇچۇرلىرى:

5-27-96

ئاقش (ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى) دا چىقىدىغان خىتايچە «دۇنيا گېزىتى» نىڭ بۇ-
5 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىكى سانىنىڭ «خوڭ قۇرۇقلۇق خەۋەرلىرى» بېتىدە
مۇنداق دەپ يېزىلغان: شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار كەڭ كۆلەمدە
تۇتقۇن قىلىپ مىڭدىن ئوشۇق كىشى قولغا ئېلىندى.

يالغۇز ئالتە كۈن ئىچىدە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى 200 دىن ئارتۇق
قارا گۇرۇھنى تار - مار قىلدى!

فرانسىيە ئاگېنتلىقىنىڭ 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى بېيجىڭدىن بەرگەن خەۋ-
رىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: خىتاي تىلىدا نەشر قىلىنىدىغان «شىنجاڭ گېزىتى»
نىڭ بىلدۈرۈشىگە كۆرە شىنجاڭ يەنى شەرقىي تۈركىستان خەۋپسىزلىكىنى قوغ-
داش ساقچىلىرى قاتتىق زەربە بېرىش ئارقىلىق دەسلەپكى ئالتە كۈن ئىچىدە
1,700 دىن ئوشۇق تېرورىست يەنى بۆلگۈنچىلەرنى قولغا ئالدى.

«شىنجاڭ گېزىتى» شىنجاڭ سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ پارتكوم سېكرېتارى
فىڭ زىشىڭنىڭ سۆزىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق خەۋەر بەردى:
جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىلىرى 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 30 - كۈ-
نىگىچە بولغان ئارىلىقتا مىڭ 200 زوراۋان قارا گۇرۇھنى تارمار قىلدى
ۋە 1100 كىلوگرام پارتلاتقۇچ دورا، 92 دانە مىلتىق ۋە باشقا نەرسە-
لەرنى قولغا چۈشۈردى. ئومۇمىي قىممىتى يەتتە مىليون 700 مىڭ يۈەن-
پۇلغا توغرا كېلىدۇ، دەپ بىلدۈردى. لىپەڭزى مۇنداق دېدى:
جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى جىنايى ئىشلار قاتارىدىن 1400 كىشىنى پاش
قىلىش ئارقىلىق (بۇنىڭ ئىچىدە 600 نەپەرنىڭ جىنايى خاراكتېرى ئېنىقلا-
نىپ ئېنىق) بولۇپ 1100 قارا گۇرۇھ ئۇنسۇرلارنى قولغا ئالدۇق. شۇ كۈندىكى
شىنجاڭ گېزىتىنىڭ نەشر قىلىنغان باش ماقالىسىدە، مىللىي بۆلگۈنچى دەپ ئاتالغان
ئۆز يۇرتىغا ئۆزى خوجايىن بولۇپ تۇرۇش، ئازات ياشاشنى ئىستىگەن ۋەتەنپەرۋەر

ئىنسانلارغا مۇنداق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن :

«دىنسىز بولۇش ئازسانلىقى مۇسۇلمانلار بۆلگۈنچىلەرچە مۇستەقىللىق
نىڭ ئاماللىقىغا تەسىر كۆرسەتمەكتە !...» بىز ئۇلارغا قارشى ئۆز رول
كېسەل ۋە داۋاملىق كۈرەش ئېلىپ بارىمىز». جۇڭگو ھۆكۈمىتى داۋاملىق
ھالدا تۆۋەندىكىدەك قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلگەن.

شىنجاڭنى جۇڭگودىن ئاجرىتىپ پارچىلاش ۋە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل
بىر دۆلەت قىلىش نىيىتىدە بولغانلار ئازسانلىق كىشىلەردۇر !...
ئەمما قازاقىستانغا قېچىپ كەتكەن بۆلگۈنچىلەرنىڭ دېيىشلىرىچە ئۇلارنى
شىنجاڭدا مىليونلىغان كىشىلەر قوللايدىكەن ! شىنجاڭدا ئاكتىپ ھالدا ھەرە
كەت قىلىۋاتقان يەنە مىللىي مۇجادىلە كۈرەشنى يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان
مەخپىي تەشكىلاتلارنىڭ سانى ھازىر 27 گە يەتتىكەن.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم نىڭ سەكرىتارى -
ۋاڭ لېچۈەن ، شىنجاڭ گېزىتى نىڭ مۇخبىرلىرىگە مۇنداق دېدى :
بۇ تەشكىلاتلارنىڭ ئېلىپ بېرىۋاتقان مىللىي ھەرىكەتلىرىنى دىققەت
بىلەن كۆزىتىپ ئۇلارنىڭ قىمىرلىشى بىلەنلا بارلىق كۈچ بىلەن قاتتىق
زەربە بېرىپ ئۇجۇقتۇرۇشىمىز كېرەك .
ۋاڭ لېچۈەن ئۆز سۆزىگە يەنە قوشۇمچە مۇنداق دېدى :

بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن ئۇ تەشكىلاتلارغا رەھىمسىز قاتتىق
زەربە بېرىشىمىز لازىم !...

چەت ئەللەردىكى ——— . ——— دەۋرە ئازات ياشىغان

ئەي رەھىم قىلمىغانلاردىن رەھىم شەپقەت كۈتۈپ ئۆلگەن ئۇيغۇر!
قورالىنىڭ ئاتىلىپ يۇرت قوللىرى باغلىنىپ بوغۇزلانغان بىر قوزىدەك مۇ
«پىچاق سۆڭىكىگە تەگكەندە جىقىشتىڭ بۇرۇن بولسامۇ
ئەتىپ تەپسىلەپ تۇيۇدۇغۇ ! قوزى جىلىقى ھەم بولالمىدۇق بىز !
بارى بىر ، بىز تۇغۇلغاندا ئاتا-ئانىمىز ۋاي بالىمىز تۇغۇلۇپتۇ دەپ
خوش بولغان بولاتتى ! ..... قىنى دالىقنىڭ غۇرۇرلىرى ؟ شەرقنىڭ
جاھاننىڭ داڭدار ماقالى ، شىمدى بوغۇلغان مەسۇمە ياقالاردى ، شەرەپلىك
شانلىقى ، غەنۋالىق قەنى ؟ سىپىچ بولمىغاندا «پىغانلىق» قەنى بى !

# 完成中國統一 北京視為當前要務

## 江澤民在非洲強調 有信心排除任何干擾

[illegible]

北京觀察

## 江總人生觀

李眷

[illegible]



[illegible]

## 達賴斥北京對西藏鎮壓變本加厲

### 在丹麥國會演講稱 中共蓄意製造種族與文化歧視

[illegible]

## 新疆大抓分離分子 逮捕千餘人

### 六日之內 公安搗破二百餘黑窩

[illegible]

## 兩英國觀光客 遭中共驅逐出境

### 在禁止外國人活動地區 進行「科學勘查」

[illegible]

## 北京向澳洲提警告

### 達賴計畫九月訪澳

[illegible]

## 業生 不再吃香

### 已減銳

[illegible]